قادىر سىدىق



# چەشمە ئاشىقى

شىنجاڭ خەلق باش نەشرىياتى
شىنجاڭ پەن-تېخنىكا نەشرىياتى



قادىر سىدىق



# چەشمە ئاشىقى

نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئوبۇلھاشىم قاسىم قايناق

شىنجاڭ خەلق باش نەشرىياتى
شىنجاڭ پەن-تېخنىكا نەشرىياتى

**图书在版编目(CIP)数据**

爱的眼泪：维吾尔文/卡迪尔·斯迪克编著．—乌鲁木齐：新疆科学技术出版社，2012.7
ISBN 978-7-5466-1239-3

Ⅰ．①爱… Ⅱ．①卡… Ⅲ．①诗集—中国—当代—维吾尔语(中国少数民族语言) Ⅳ．①I227

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2012)第 168023 号

پىلانلىغۇچى: ئىبراھىم سەمەن
تەشكىللىگۈچى: ئابدۇشۈكۈر ئىمىن
مەسئۇل مۇھەررىرى: ئىسمايىل مۇھەممەت
تەكلىپلىك مۇھەررىرى: ئابلەت جۇمە تۇپراق
مەسئۇل كوررېكتورى: خۇرشىدە ئابلىز
مۇقاۋىسىنى لايىھەلىگۈچى: خەمىدە سەئىدئالىم
بەت ياسىغۇچى: قەدىرىيە مىجىت

**چەشمە ئاشىقى** (شېئىرلار)

قادىر سىدىق

* * *

شىنجاڭ خەلق باش نەشرىياتى
شىنجاڭ پەن - تېخنىكا نەشرىياتى نەشر قىلىپ تارقاتتى
(ئۈرۈمچى شەھىرى يەنئەن يولى № 255 پوچتا نومۇرى: 830049)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدا سېتىلىدۇ
شىنجاڭ لىنو سودا ئىشلىرى باسما چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىدە بېسىلدى
فورماتى: 1230mm × 880mm 1/32 باسما تاۋىقى: 6
2013 - يىلى 3 - ئاي 1 - نەشرى
2013 - يىلى 3 - ئاي 1 - بېسىلىشى
ISBN 978 - 7 - 5466 - 1239 - 3
باھاسى: 20.00 يۈەن

# مۇندەرىجە

قادىر سىدىق ۋە ئۇنىڭ «چەشمە ئاشىقى»..................1

هايات ئىلهاملىرى

قارىماي..............................9
نېفىتچىلار مارشى..........................12
چەشمە ئاشىقى..........................13
ماتورىست قىزنىڭ جاۋابى......................14
بۇلاق..............................17
نېفىتلىكتە..........................18
بۇلاق نەزمىسى..........................20
ئاق بۇلاق..............................21
نېفىتچى..............................22
نېفىتچىلار شادلىقى......................23
قەبرىسى بار دىلىمىزدا......................24
چىرايىدىن قەلبى گۈزەلكەن..................25
بولسام..............................27
باهار كەلدى يەنە يۇرتۇمغا..................28
كۆكلەم..............................30
نۇرانە يورۇتسام سەبى دىللارنى..............31
سابا..............................32
باهار پەسلى گوياكى ئانا....................34
ئىپتىخارلىق..........................35
ئىرادە..............................36

سۆھبەت........................37
چاۋاك.........................38
ياش...........................39
تۆھپىكارلار چىقىدۇ تۆرگە.......40
مېھنىتىم......................41
پارچە ـ پۇرات كېسەككە قاراپ....42
قول يۇغاندا...................43
ئىنسانى بۇرۇچ.................44
خۇشتارلىق ۋە ئۆچلۈك...........47
دادا بېشارىتى.................48
ئاتىسىغا ئالايسا كىمكى........49
ناخشا توۋلاپ ئۆتەر ھاياتىم....50
موللاق........................52
ئانام شۇ سوسكا...............53
بورانغا.......................54
شارقىراتما....................55
ئانا رىزاسى...................56
زېمىنگە خىتاپ.................57
سېھىرلىك سادا.................58
جانانغا.......................59
گۈلدەستە......................60
سېغىنىش يېشى..................61
ناخشىچى قىزغا.................62
شامالدۇرغۇچ...................63

بىر كۇپلېتلىق شېئىرلار

تۇيغۇ.........................64
ياشاش مەنتىقىسى...............64

تورمۇز........................64
چۆلۈك........................64
قوش خۇشاللىق........................65
كىبىر........................65

## قوشماق كۇپلېتلار

بۇلاق كۆزى........................66
مۇھەببەت........................66
ھىد........................67
چىم........................67
كۆسەي........................67
نەزەر........................68
كىرىلمە........................68
چاقچاق........................69
جانان........................69
قوقاق........................70
ھاجەت........................70
سىرىتما........................71
چالما........................71
سىر........................72
ئىسىم........................72
بوران........................73
بوۋاقتىنمۇ........................73
خوشلۇق........................74

## تەبرىكنامە

توي شادلىقى........................75

كۆكلەيسەن دىلدا.........78
مەرھابا.........79

## قاراماي ئىلھاملىرى

ئەسسالام.........81
ئارمانىم.........82
نېفىتچىمەن.........82
بۇرغىچى ناخشىسى.........84
نېفىت دەرياسى.........86
قېيىدىق.........87
تونۇم بار.........88
جەڭگاھتا.........89
ئىشچى.........89

## ۋەتەن بەرگەن ئىپتىخارلىق

باھار كەلدى.........91
مۇقامچى ئوغلىمەن.........92
ۋەتەن.........93
بولدى.........94
دەيمەن.........94
باغۋەن ئەھدى.........95
بۈيۈك نام.........96
ئىتتىپاقلىق ناخشىسى.........97
جەڭچى قەسىمى.........98
ئەلنىڭ چاۋىكى ــ ئەلنىڭ يۈرىكى.........98
تامايىم يوق ساخاۋەتتىن.........99
ساقلىق ــ قىممەتلىك.........100

ئىمتىھان........................................101

مۇخەممەسلەر

ۋەتەن مۇھەببىتى..................................102
ئوخشاش........................................103
نامەرد..........................................104
ھەسەتخورلۇق....................................105
لۇتۇنغا.........................................107
يۈكسەل..........................................109

چاتما شېئىرلار

شېرىن سۆز.......................................111
ۋەتىنىم - ئانامسەن...............................111
روھىم سەن ۋەتەن.................................112

ھۆرمەت قىسسىسى

مۇقەددىمە.........................................114
ھۇل..............................................114
خىش.............................................115
سېمونت..........................................115
تاش.............................................116
ئەپكەش..........................................116
جا...............................................117
خا...............................................117
بىنا.............................................118
نەقىش...........................................119
خىسلەت..........................................119
ئىستىقبال........................................120

خاتىمە................................120

*　*　*

سۆيگۈ خەتلىرى..........................121
خاتىمە................................123

*　*　*

باغ ئىلھاملىرى..........................125

قەترىلەردىن سەترىلەر

قەترە................................126
تىرەن مەنبە............................126
قەترە تېمىپ............................127
قەترىدىن..............................127
قەترىلەردىن قىيان ياسىدۇق..............127
كۆلىدۇ................................128
قەترە ئۆچۈن............................129
قەتزە شەرىپى...........................129

ناخشا تېكىستلىرى

تىلدا داستان شەرىپىڭ....................130
چامدايمىز ھامان ئالغا...................131
ئوغلۇم................................131
گۈزەل دەۋراننى كۈيلەيمىز...............132
ئىككىمىزنىڭ غايىسى.....................133
دەۋرىمىنىڭ گۈلى دەيمەن.................133
مۇرادىم................................134
كەچتە................................135
دىيارىم................................135

قۇچاغنىڭغا سىڭىپ كەتسام.................... 136
يار ئىشقى......................... 137
يۇگۇرۇپ چىقاي..................... 138
تۇيۇقلار........................... 139
رۇبائىيلار......................... 147

## ھەجۋىي شېئىرلار

شەبنەم بىلەن گۈل.................... 160
توپا بىلەن ناھال..................... 161
ئۇن بىلەن ئەلگەك.................... 163

## ئۈچ ساتىرا

مەيخورنىڭ سۆرىتى..................... 165
كوچىنىڭ زارى........................ 166
خەت ساندۇقىنىڭ ساداسى................ 170

## قادىر سىدىققا يېزىلغان مەرسىيەلەر

ئەلۋىدا............................. 174
قادىر سىدىق كەتكەن كۈنى.............. 175
دوستۇم ساڭا ئەلۋىدا................... 176
تۆھپەڭ چاقنار قۇياشتەك................ 178
ئاھ، جۇڭغار كۈيچىسى.................. 180
ئەلۋىدا............................. 181

# قادىر سىدىق ۋە ئۇنىڭ «چەشمە ئاشىقى»

2010 - يىلى 1- ئاينىڭ 25 - كۈنى كەچ. نىياز ئىمىن قۇربانى، ئابلەت جۇمە تۇپراق، غۇلامجان بەكرى قاتارلىق بىر نەچچىمىز قەشقەر شەھىرىگە يېقىنلىغاچقا كەيپىياتىمىز كۆتۈرۈلۈپ قالغانىدى. شۇڭا بىر ئاشخانىغا كىردۇق. بىز تەخسىلەردىكى قورۇمىلارغا ئەمدى چوكا سېلىپ تۇرۇشىدۇق، نىياز ئىمىن قۇربانىنىڭ يانفونى سايراپ كەتتى. ئۇ «ھە شۇنداقمۇ؟» دەپلا تۇرۇپلا قالدى.

— سىلەرگە دېمىسەم بولماس. تېلېفوننى ئارسلان تالىپ بېرىپتۇ. قادىر سىدىق ۋاپات بولۇپ كېتىپتۇ، — دېدى ئۇ.

بۇ خەۋەر بىلەن بىر ئوت مېڭەمدىن كىرىپ تاپىنىمدىن چىقىپ كەتتى. قولۇمدىكى چوكىنىڭ يەرگە چۈشۈپ كەتكىنىنىمۇ بىلمەي قاپتىمەن. خېلى كۈنلەردىن بۇيان تۇتمىغان يۈرەك ئاغرىقى قوزغالدى. تېزلىك بىلەن يانچۇقۇمدىن دورا ئېلىپ تىلىمنىڭ تېگىگە سېلىشقا ئۈلگۈردۈم ...

قەدىردان دوستىمىزنىڭ ۋاپاتى بىزنىڭ پارىڭىمىزنى توختاتتى. كۆزلىرىمىز ئاچچىق ياشقا تولدى. شىرەگە رەت - رەت تىزىۋېتىلگەن قورۇمىلار گېلىمىزدىن ئۆتمىدى. سورۇننىمۇ ئاخىرلاشتۇردۇق. مەن قەشقەردە قونۇپ قالدىم. بىراق تاڭ ئاتقۇچە ئۇخلىيالمىدىم. يۈرىكىم ئاغرىۋەرگەچكە كەينى - كەينىدىن دورىمۇ ئىچتىم. قولۇمغا قەلەم ئېلىپ: «دوستۇم ساڭا ئەلۋىدا» ناملىق مەرسىيەنىمۇ يېزىپ چىقتىم. كېيىن بىلسەم پېشقەدەم ئۇستازىمىز، تونۇلغان ساتىرىك شائىر ئابدۇللا ياقۇپ، مول ھوسۇللۇق ياش يازغۇچى ئارسلان تالىپ، شائىر نىياز ئىمىن

قۇربانى، ياسىن ئىسمايىل ئەلتىرەش، ئابلاجان بوۋاقى قاتارلىقلارمۇ قوللىرىغا قەلەم ئېلىپ ئۆز قايغۇلىرىنى يېزىپ، قادىر سىدىققا بولغان سېغىنىشىنى ئىپادىلەپتۇ.

يېڭى يىل كۈنى قادىر سىدىق بىلەن تېلېفوندا كۆرۈشۈپ بىر - بىرىمىزنىڭ يېڭى يىلىنى تەبرىكلەشكەنىدۇق. بۇنىڭدىن بىر نەچچە كۈن بۇرۇنمۇ تېلېفوندا ئۇنىڭ بىلەن سۆزلەشكەنىدىم. ئەمدى ئۇ مەڭگۈلۈككە كۆز يۇمۇپتۇ. ھەي! ... ئارىلىق يېقىن بولغان بولسا ئۇنىڭ يۈزىنى بىر كۆرۈۋالغان بولسام - ھە؟!

يىراق، نېمە ئامال؟ قازاغا رىزا بولماقتىن باشقا ئامال بولمىدى. شۇنداقتىمۇ مەن مەرھۇم قادىر سىدىق بىلەن تونۇشۇش، بىللە ئوقۇش، ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىش، پىكىر ئالماشتۇرۇش، ئوقۇش پۈتكۈزگەندىن كېيىنكى ئالاقىلىرىمىزنى بىر مىنۇتمۇ ئۇنتۇيالمىدىم. بىز سىرداش دوستلاردىن بولغاچقا ھاياتى، قىلغان ئىشلىرى، ئىجادىيەتلىرى ماڭا بەش قولدەك ئايان ئىدى.

قادىر سىدىق 1950 - يىلى 4 - ئايدا قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيەسىنىڭ ھاراپ يېزىسىدا تۇغۇلغان. 1953 - يىلى ئائىلىسى بىلەن بىللە قوشنا يېزا - ياپچان يېزىسىنىڭ كۆسەن بويى دولان تېمى كەنتىگە كۆچۈپ كېلىپ ئولتۇراقلاشقان. 1957 - يىلىدىن 1964 - يىلىغىچە كۆسەن بويى مەركىزي باشلانغۇچ مەكتىپى ۋە ياپچان ئوتتۇرا مەكتىپىدە ئوقۇغان. 1964 - يىلىدىن 1968 - يىلىغىچە قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيەلىك 1- ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇغان. 1968 - يىلى 12 - ئايدىن 1972 - يىلىغىچە ياپچان يېزىسىدا قايتا تەربىيەدە بولغان، بۇ مەزگىلدە باشلانغۇچ - ئوتتۇرا مەكتەپلەردە خەلق ئوقۇتقۇچىسى بولۇپ ئىشلىگەن. 1972 - يىلى ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىغا قاتنىشىپ شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ تىل - ئەدەبىيات فاكۇلتېتىغا قوبۇل قىلىنغان. ئەمما تۇرمۇشلۇق

بولغانلىقى ئۈچۈن تەكلىپ قەغىزى قايتۇرۇۋېلىنغان. 1973 ـ يىلى يەنە ئىمتىھان بېرىپ قەشقەر پېداگوگىكا مەكتىپىگە كىرىپ، 1975 ـ يىلى ئوقۇش پۈتكۈزۈپ يېڭىسار ناھىيەسىنىڭ يېڭىيەر يېزىلىق تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتىپىگە خىزمەتكە تەقسىم قىلىنغان.

مەن 1978 ـ يىلى يېڭىساردا ئېچىلغان پېداگوگىكا سىنىپىنىڭ 1 ـ يىللىقىدا ئوقۇۋاتاتتىم. كونا يىل ئاخىرلىشاي دەپ قالغان كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۇستازىم ئابدۇرېھىم ئىسمايىل بىلەن بىللە «يېڭىسار ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىنى چىقىرىش، ژۇرنالغا ئەسەر يىغىش يۈزىسىدىن ناھىيەلىك مەدەنىيەت يۇرتىدا ئېچىلغان يىغىنغا كىرىپ قادىر سىدىق بىلەن تونۇشقانىدىم. شۇ چاغدا قادىر سىدىق «يېڭىسار ئەدەبىياتى» نى قانداق چىقىرىش، قانداق سەھىپىلەرنى تەسىس قىلىش توغرىسىدا خېلى چوڭقۇر پىكىر قىلغانىدى. شۇ چاغدا مەن ئۇنى «ئەجەبمۇ دادىل پىكىر قىلىدىغان، ئوچۇق ـ يورۇق، بىلىمى چوڭقۇر ئوقۇتقۇچىكەن» دەپ ئويلاپ قالغانىدىم. 1979 ـ يىلى «يېڭىسار ئەدەبىياتى» ژۇرنىلى (شېپىگراپ باسما) نىڭ 1 ـ سانىدا قادىر سىدىقنىڭ «يېڭىسار» دېگەن غەزىلى ئېلان قىلىندى. 2 ـ سانىدا «يېڭى ئاساسى قانۇن شەنىگە» دېگەن قەسىدىسى ئېلان قىلىندى. (مەن شۇ ژۇرناللارنى ھازىرمۇ ساقلاپ كېلىۋاتىمەن) شۇ چاغدا قادىر سىدىق يېڭىساردىكى ئابدۇرېھىم ئىسمايىل، ئابدۇللا ياقۇپ، ئاۋۇت مۇھەممىدى، ھۆسيۈن تالىپ قاتارلىق نامى بار شائىر، يازغۇچىلار قاتارىدا تۇرىدىغان قەلەم ئىگىسى بولۇپ تونۇلدى. بىز پات ـ پات ئۇچرىشىپ تۇرىدىغان بولدۇق.

قادىر سىدىق 1981 ـ يىلى 4 ـ ئايدا يېڭىشەھەر ناھىيە ياپچان يېزىلىق ئوتتۇرا مەكتەپكە يۆتكىلىپ كەلگەن ھەم شۇ يىلى 10 ـ ئايدا يېڭى قۇرۇلغان «قەشقەر ئوقۇتقۇچىلار بىلىم ئاشۇرۇش

ئىنستىتۇتى» غا ئوقۇشقا كىرگەنىدى. مەنمۇ بىلىم ئاشۇرۇش ئوقۇشىغا كېلىپ قادىر سىدىق بىلەن بىر سىنىپتا ئىككى يىل بىللە ئوقۇدۇم. بىز بۇ ئىككى يىل جەريانىدا چوڭقۇر دوستلۇق ئورناتقانىدۇق. كېچە ـ كېچىلەپ بىللە ئولتۇرۇپ ئەسەر يازاتتۇق. بىر ـ بىرىمىزنىڭ ئەسىرىگە پىكىر بېرەتتۇق. قادىر سىدىقنىڭ «باھار كەلدى»، «تامايىم يوق ساخاۋەتتىن»، «ئەلنىڭ چاۋىكى ـ ئەلنىڭ يۈرىكى»، «مۇقامچى ئوغلىمەن» دېگەن غەزەللىرى، «ۋەتىنىم»، «نامەرد» دېگەن مۇخەممەسلىرى، شۇنىڭدەك بىر قىسىم شېئىر، تۇيۇق، رۇبائىلىرى ئاشۇ ۋاقىتلاردا يېزىلغانىدى. مەن شۇ چاغلاردا شېئىر يېزىشتىن باشقا ھېكايە، مەسەل ـ چۆچەكلەرنىمۇ يازاتتىم. قادىر سىدىق: «ئوبۇلھاشىمنىڭ يۈرۈكى قايناپ تۇرىدىكەن، ئۇنى ‹قايناق› دېسەك بولغۇدەك» دەپ «قايناق» تەخەللۇسىنىمۇ قويۇپ قويغانىدى. 1983 ـ يىلى 7 ـ ئايدا ئوقۇش پۈتكۈزدۇق. مەن يېڭىسارغا، قادىر سىدىق يېڭىشەھەرگە قايتىپ كەتتۇق. شۇ يىلى 11 ـ ئاي مەزگىللىرى ئىدى. بىر كۈنى قادىر سىدىق يېڭىسارغا مېنى ئىزدەپ كېلىپ «بىلىم ئاشۇرۇش ئىنستىتۇتىدا ئالتە ئاي بىللە ئوقۇغان قارامايلىق ساۋاقداشلاردىن خەت كەلدى. قارامايغا جايلاردىن ئوقۇتقۇچى ئالىدىكەن. مەن باراي دېدىم، سەنمۇ بارغىن» دېدى. مەن: «ئاتا ـ ئانام ياشىنىپ قالدى. ئايالىم بولسا ئېغىرئاياغ، ئۇكىلىرىم بولسا ئۇششاق، مەن بارالمايمەن» دېدىم.

يىل ئاخىرى بىرنەچچە ساۋاقداش قادىر سىدىقنى قارامايغا ئۇزۇتۇپ قويدۇق، خەت ـ ئالاقىمىزنى ھەرگىز ئۈزۈپ قويمىدۇق. ئۇ خېتىدە قارامايىنىڭ ياخشىلىقىنى، شەھەرنىڭ ئاۋاتلىقىنى، كىشىلەرنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيەسىنىڭ يۇقىرى، ئوقۇتۇش سۈپىتىنىڭ ئىنتايىن ياخشى ئىكەنلىكىنى، ئۆزىنىڭ قارامايغا كەلگەندىن كېيىن قاراماي شەھەرلىك 8 ـ ئوتتۇرا مەكتەپتە

ئىشلىگەنلىكىنى، مەكتەپ پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ سېكرېتارى بولغانلىقىنى يازغانىدى. كېيىن مەكتەپ تەشكىلى ئاپپاراتىنى كۆچەيتىش ئۈچۈن 4 ـ ئوتتۇرا مەكتەپكە يۆتكىگەنلىكىنى، مەكتەپ پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ سېكرېتارى، مەكتەپ مۇدىرى بولۇپ قوش ۋەزىپە ئۆتەۋاتقانلىقىنىمۇ يازدى. 1993 ـ يىلى ياز كۈنلىرىنىڭ بىرىدە ئۇ مېنى يوقلاپ كەپتۇ. بىزنىڭ ئۆيدە بىر كېچە ـ كۈندۈز مۇڭداشتۇق. ئۇ شۇ كۈنى تەشكىلنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن نەنجىڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتىغا بىر يىللىق بىلىم ئاشۇرۇشقا بارىدىغانلىقىنى ئېيتقانىدى. ئارىدىن 10 يىل ئۆتكەندە تەقدىر بىزنى قەشقەر شىنخۇا كىتابخانىسىدا ئۇچراشتۇرۇپ قويدى. بىز بىر كۈننى بىللە ئۆتكۈزدۇق. خىزمەت، ئىجادىيەت توغرىسىدا چوڭقۇر پىكىر ئالماشتۇردۇق. شۇنىڭدىن كېيىن خەت ـ ئالاقىمىز ئۈزۈلمىگەن بولسىمۇ يۈز كۆرۈشەلمىدۇق.

مەن قادىر سىدىقنىڭ خېتى ئارقىلىق ئۇنىڭ 3 نۆۋەت بېيجىڭ، شاڭخەي، چۇڭچىڭ قاتارلىق شەھەرلەردە تەكشۈرۈشتە بولغانلىقىنى، 2006 ـ يىلى كورىيە، تايلاند قاتارلىق 4 دۆلەتتىمۇ تەكشۈرۈش ـ تەتقىق قىلىش خىزمىتىگە قاتناشقانلىقىنى ئۇقۇپ ئىنتايىن سۆيۈندۈم.

قادىر سىدىق قەشقەر مائارىپ ئىنستىتۇتىدا سىنىپىمىزنىڭ ئۆگىنىش باشلىقى ئىدى. ئاددىي ـ ساددا، ھەق ـ ناھەق قارىشى ئېنىق، ئۆگىنىشتە تىرىشچان، خىزمەتتە ئەستايىدىل ئىدى. كۆپ جەھەتلەردە سىنىپتىكى ئوقۇغۇچىلارغا ئۈلگە ئىدى. قارامايغا بارغاندىن كېيىنمۇ شۇ تىرىشچانلىقى، ئەستايىدىللىقى بىلەن خىزمەت قىلغاچقا، تەشكىلنىڭ ئېتىراپ قىلىشىغا، ئاۋام خەلقنىڭ چوڭقۇر ھۆرمەتلىشىگە ئېرىشكەن. ئۇ قاراماي مائارىپى ئۈچۈن پۈتۈن ئەقىل ـ پاراستىنى ئىشقا سېلىپ ئىشلىگەن.

شۇڭا پارتىيە، ھۆكۈمەت، مائارىپ تارماقلىرى، قاراماي خەلقى ئۇنى شۇنداق ئالاھىدە ئىمتىيازلاردىن بەھرىمەن قىلغان. قادىر سىدىقنىڭ نادىر شېئىرلىرىدىن بىرى بولغان «ئەلنىڭ چاۋىكى - ئەلنىڭ يۈرىكى» ئىكەنلىكى ئەمەلىيەتتە ئىسپاتلانغان. «جاپانى كىم تولا چەكسە، گۆھەرنى شۇ ئالۇر تاشتىن» دېگەندەك قاراماي خەلقى ئۇنىڭغا چاۋاك چالغان.

2009 - يىلى قاراماي شەھەرلىك ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ سېكرېتارى، «مايبۇلاق» ژۇرنىلىنىڭ باش مۇھەررىرى دولقۇن تۇرغۇن بىلەن قاراماي شەھەرلىك ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ كەسپى يازغۇچىسى ئارسلان تالىپ قەشقەرگە كەلگەندە قادىر سىدىققا سالىمىمنى يەتكۈزۈپ قويۇشنى ئۆتۈندىم. ئۇلار قايتىپ ئۇن نەچچە كۈن ئۆتكەندە قادىر سىدىق تېلېفون قىلىپ سالىمىمغا رەھمەت ئېيتتى ھەم «مايبۇلاق» ژۇرنىلىغا ئەۋەتكەن ھېكايە - غەزەللىرىمنى كۆرگەنلىكىنى، ژۇرنالنىڭ مۇھەررىرى ئوسمان قاۋۇلنىڭ ئۇ ئەسەرلەرنى بىر - بىرلەپ ژۇرنالدا ئېلان قىلماقچى بولغانلىقىنى، مېنىڭ يەنە ياخشى مەسەللەرنىمۇ ئەۋەتىپ بېرىشىمنى ئېيتتى. مەن ئىنتايىن خۇش بولدۇم. دوستۇمنى تېخىمۇ كۆرگۈم كېلىپ كەتتى. مەن باھار كېلىپ يەر - زېمىن كۆكەرگەندە، ئەتراپ گۈل - چېچەككە پۈركەنگەندە قاراماي غا بېرىپ، قادىر سىدىق بىلەن كۆرۈشۈش ئارزۇسىدا بولدۇم، ھازىرغىچە نەشر قىلىنغان 8 پارچە كىتابىمغا «تىلداش، دىلداش، ئۆمۈرلۈك دوستۇم قادىر سىدىققا يادىكار» دەپ يېزىپ تەقلەپمۇ قويغانىدىم. مەن كۈتكەن كۈنلەر كېلىش ئالدىدا قەدىردان دوستۇمنىڭ ئالەمدىن ئۆتۈشى مېنى قاتتىق ئۆكۈندۈردى. قادىر سىدىقنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن، ئۇنىڭ جانجىگەر ئوغلى ئۇمۇتجان قەشقەرگە كېلىپ يۇرتتىكى ئۇرۇق - تۇغقانلىرىنى يوقلىغاندا

يېڭىسارغا كېلىپ مېنىمۇ يوقلىدى. دادىسىنىڭ ھايات ۋاقتىدا قىلغان گەپلىرىنى يەتكۈزدى. شۇنداقلا دادىسىنىڭ «چەشمە ئاشىقى» ناملىق شېئىرلار توپلىمىنىڭ ئەسلىي قول يازمىسىنى، تاللاپ كۆچۈرۈلگەن نۇسخىسىنى مېنىڭ رەتلەپ، كىتاب قىلىپ بېرىشىمنى ئېيتىپ ماڭا تاپشۇرۇپ بەردى. ئەلۋەتتە 30 يىلدىن ئارتۇق ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغان، ھەرقايسى گېزىت - ژۇرناللاردا 400 پارچىدىن ئارتۇق ئەسەر ئېلان قىلدۇرغان، «ئەگرى شاخنىڭ تەقدىرى»، «جەڭ مارشى»، «قەشقەر ناۋاسى»، «ئىزدىيار لىرىكىسى»، «ئۇنتۇلماس چاغلار»، «ئارزۇ بوستانى» قاتارلىق توپلاملارغا ئەسەرلىرى كىرگۈزۈلگەن، بىر قىسىم ئەسەرلىرى مەركىزى خەلق رادىيو ئىستانسىسى، مەدەنىيەت مىنىستىرلىقى، «ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى»، «شىنجاڭ نېفىت گېزىتى»، «مايبۇلاق» ژۇرنىلى قاتارلىقلار تەرىپىدىن مۇكاپاتقا ئېرىشكەن پاساھەتلىك قەلەم ئىگىسى — دوستۇم قادىر سىدىقنىڭ قول يازمىسىدىكى تونۇش پوچېركا بىرنەچچە كۆنگىچە كۆزۈمدىن ياشنى قۇرۇتمىدى. دوستۇم قادىر سىدىقنىڭ قارامايغا بارغاندىن كېيىن يازغان شېئىرلىرىنى ئوقۇپ، مەنمۇ گۈزەل قارامايغا بارغاندەك، قادىر سىدىق بىلەن بىللە بولغاندەك، چەشمە بۇلاقلاردىن ئىلھام ئېلىپ بىللە قەلەم تەۋرەتكەندەك بولدۇم.

شۇنداق قىلىپ مەن «چەشمە ئاشىقى» قاينىمىغا شۇڭغۇدۇم. بۇ توپلامدىكى شېئىرلارنىڭ تىلىنىڭ يەڭگىللىكى، مەزمۇنىنىڭ چوڭقۇرلۇقى، تۇرمۇش پۇرىقىنىڭ كۈچلۈكلۈكى، بەدىئىيلىكىنىڭ يۇقىرىلىقى، تەربىيەۋى ئەھمىيىتىنىڭ يۈكسەكلىكى مېنى بەكمۇ سۆيۈندۈردى. بولۇپمۇ قىسقا ۋەزىنلىك تۇيۇق، رۇبائىيلىرىدا يەكۈنلەنگەن ھازىر جاۋاب تۇرمۇش ھەقىقەتلىرى، تىرەن قاراشلىرى ماڭا دۇنيانى قايتا تونۇتتى. مەن دوستۇمنىڭ «چەشمە» سىدە راسا قايناپ ئىلھاملاندىم، قاناتلاندىم. دوستۇمنىڭ ئەقىل -

پاراسىتىگە، تالانتىغا قايىل بولدۇم. ئۇنىڭ ئەڭ ياخشى غەزەللىرىدىن بىرى بولغان «ساقلىق ـ قىممەتلىك» كە تەخمىس يېزىپ چىقتىم.

دوستۇم قادىر سىدىقنىڭ «چەشمە ئاشىقى» غا چۆككەن ھەربىر كىشى ئۇنىڭدىكى جاۋاھىرلارنى سۈزسە مەندىنمۇ چوڭقۇرراق تەسىراتلار قايىنىمىغا غەرق بولىدۇ. چۈنكى بۇ «چەشمە» نىڭ سۈيى مەڭگۈ تۈگىمەيدۇ ۋە تاتلىق تۇرىدۇ.

ئوبۇلھاشىم قاسىم قايناق

2010 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى. يېڭىسار



# ھايات ئىلھاملىرى

## قاراماي

ئەي ئەزىز قاراماي نۇرانە شەھەر،
جۇلالاپ تۇرىسەن كېچە ـ يۇ سەھەر.
كۆكسۇڭدىن نۇر كەبى تارايدۇ ئەلگە،
كۇنلۇكى ئاجايىپ مۆجىزە ـ زەپەر.

قارايمەن قانماستىن چېھرىڭگە تەكرار،
قەلبىمدىن بۇلدۇقلاپ قايناپ ئىپتىخار.
قوبۇل ئەت بۇ مېنىڭ ئالقىشىم ساڭا،
بولسىمۇ يازغىنىم ئەرزىمەس ئەشئار.

جانجان ماكانىم ئەلدە ئەزىزسەن،
قىممەتلىك خۇددى بىر تاتلىق مېغىزسەن.
ئەتراپىڭ تۇگىمەس جاۋاھىر كانى.
ئاستىڭ ھەم زىيادە مايلىق دېڭىزسەن.

ئاق بۇلاق، ئورقۇدىن ئاقماقتا نېفىت،
بار بولغاچ ساناقسىز ئىشچان قىز ـ يىگىت.
نېفىتنىڭ ئىشقىدا كۆيدى سىلىمدەك،
مۇشكۇلنى يەنچىدى كۆرۈپ بىر يىگىت.

دېيىشتى جايىردەك بولسىمۇ جاپا،
كەڭ سايدا بىزگە ئۇ لۆم ـ لۆم بىر سافا.
نەشتەردەك شىۋىرغان، يامغۇرلۇق بوران،
كۆڭۈلنىڭ ئارامى ـــ تاڭدىكى سابا.

ئىشچىلار قەلبىدە ئالەمچە غۇرۇر،
زەپەرلەر ئەۋجىدە ئۇزمەكتە مەغرۇر.
ئېكىنزار سۇيىدەك پۇتمەس يەر يېغى،
رۇي بەردى ئەپتىڭگە ياساندىڭ پۇزۇر.

ۋىشكىدەك ئاسمانغا لەۋ ياقتى بويۇڭ،
ئىز دىيار باغرىدا قايىندى تويۇڭ.
ماشىنا غۇيۇلداپ ئۇچقاندەك مېڭىپ،
قاتنايدۇ بىخەتەر ئەينەكتەك يولۇڭ.

كوچاڭدا لىقمۇ ـ لىق غۇلجا ئالمىسى،
قەشقەرنىڭ ئانارى، تۇرپان سايۋىسى.
كاۋاپلار پۇرايدۇ مەززىلىك شۇنچە،
باغ بىنا ئەيلىدى، خوتەن زىلچىسى.

باھاردا بىخ سۇرگەن قومۇشتەك گويا،
قەد كەردى قوينۇڭدا قەۋەتلىك بىنا.
قىش ۋە ياز باغچاڭدا بۇلبۇل گويالار،
سايرايدۇ تىنماستىن ياڭرايدۇ ناۋا.

چۆل ئىدىڭ پايانسىز يىرتقۇچ ھۇۋلىغان،
جۇت ـ بوران تىنىمسىز سۇرلۇك تۇۋلىغان.
بىپايان سايلىققا سۆك ـ سۆك پادىشاھ،
ھەتتاكى ئۇچار قۇش كېلىپ قونمىغان.

دەۋرىمىز قان بەردى قاقشال تېنىڭگە،
جان كىردى، رەڭ كىردى ئۆچكەن بېتىڭگە.
مىڭلىغان تۆھپىلارغا سىغمىغان مايدەك،
پاتمىدى ھاياجان يۈرەك قېتىڭگە.

ھاياتىڭ گۈللىرى سولماس باھاردەك،
ھۆرمىتىڭ ئاشماقتا ئەلدە تاۋاردەك.
نۇرلىنىپ تېخىمۇ كۆلدۈڭ چىرايلىق،
چېھرىڭ ئاي، ئاغزىڭ ماي، لىۋىڭ ئانار دەك.

ھەر يانغا تارالغان نۇرلىرىڭ تۇتاش،
ئەيلىدى ۋەتەننى تومۇردەك قانداش.
ھۆرمىتىڭ بىرلىكى بۇزۇلماس ئەسلا،
ئىناقلىق كۆكىدە ھۆكەرگە ئوخشاش.

ئەي ئەزىز نېفتىنىڭ كانى ـ ماكانى،
ئۆلكەمنىڭ ئۆچمەس سەن ماھى ـ تابانى.
ئالغا باس نۇرانە مەنزىلنى بويلاپ،
سەن بولۇپ زەپەرنىڭ كەلكۈن ـ قىيانى.

1984 ـ يىل، قاراماي

# نېفتچىلار مارشى

نېفت ئىزلەپ سەپەر قىلدۇق،
قاقاس چۆللۈك باياۋانغا.
ۋەتەن بەختى ئۈچۈن ھەردەم،
بېرىپ بەرداش بورانلارغا.

قەدەمدە مىڭ بولاق قازدۇق،
ئېرىشتۇق سەل ـ قىيانلارغا.
ئېقىپ كەتتى ئېلىپ شادلىق،
جىمى ئەتراپقا ـ يانلارغا.

ئېتىز ـ كانلار كۆلۈپ كەتتى،
تېنى قانغاچقا قانلارغا.
يارالدى كەڭتاشا ئىمكان،
يېڭى شەۋكەتكە ـ شانلارغا.

سەپەردە بىز ئۇلۇغ كارۋان،
ۋەتەن جان قوشتى جانلارغا.
نۇرانە نامىمىز قالسۇن،
زاماندىن، تا زامانلارغا.

نىشانغا كۆز تىكىپ ئۈچتۇق،
پىسەنت قىلماي داۋانلارغا.
ھالاۋەت ـ بەختىمىز ھاسىل،
شەرەپ قوچساق نېفتزارغا.

1985 ـ يىل

# چەشمە ئاشىقى

ئاھۇ كۆزۈڭ ــ چەشمە بۇلاقتا
تەشنالىقتىن لېۋىمنى ياقتىم.
لېۋىم ئەمەس مىليون گىرادۇس،
ھارارەتلىك باغرىمنى ياقتىم.

ھەر قەترە ماي قەلبىمدە لەيلى،
مەجنۇن كەبى رىشتىمنى چاتتىم.
گۈلباغلاردىن كېچىپ ئۆزۈمنى
چۆل ـ باياۋان قوينىغا ئاتتىم.

نېفىتچىمەن ـ چەشمە ئاشىقى،
مېھنەت بىلەن گۈل چېچەك ـ ئاچتىم.
ناخشام ياڭراق ئاشۇ بۇلاقنىڭ،
شاۋقۇنىغا كۈيۈمنى قاتتىم.

1985 ـ يىلى، قاراماي

# ماتورست قىزنىڭ جاۋابى

قۇدۇق بېشى — جەڭنىڭ ئەۋجىگە،
يوقلاپ باردىم نېفىتچى قىزنى.
دەۋرىمىزدە تەرىپى داستان،
ئالتۇندىنمۇ ئارتۇق ئەزىزنى.

سالاملاشتۇق قىز بىلەن خۇشخۇي،
بۇرۇشكىغا تۇراركەن قاراپ.
پۇتۇن زېھنى ئۇيناق شوخ ئېقىن،
ئاقار ھەربىر قۇدۇققا تاراپ.

ھەيران بولۇپ چىدام ـ پەزلىدىن،
چاقچاق قىلدىم سەمىمىي شۇتاپ.
جاۋاب بەردى ئۇمۇ چاقماقتەك،
چىرايىدىن تۆكۈلۈپ ئاپتاپ.

— زېرىكمەمسىز چۆللۈكتە ئىشلەپ،
بۇلغانامسىز ماي، سېغىز لايدا.
سايە ـ سالقىن كۆرمەي ھەمىشە،
چاقسا ئاپتاپ، سوغۇق كەڭ سايدا؟

قىيا بېقىپ نېفىتچى قىزچاق،
سورىدى ھەم: — نېمە دېدىڭىز؟
خىجىل بولماڭ، مەن دېسەم سىزگە،
مۇنداق گەپنى دېمەڭچۇ ھەرگىز؟

— كىيىم دېگەن بازاردا تولا،
مايىنى يۇسا چىقمامدۇ سۇدا؟
قورققان بولسام ئەگەر جاپادىن،
ئىلغار بولۇپ ئىشلەمتىم ئۇدا.

قارايسىمۇ ماي بىلەن لايدا —
ئاپتاپ ۋە يا بوراندا يۈزۈم،
پۇشايمىنىم دىلدا ھەرگىز يوق،
بولسام ھەتتا كوللىكتىر[1] ئۆزۈم.

مەغزى ئانار، قەلبىدە غۇرۇر،
ئەل سۆيىدۇ ھەممىدىن ئەۋزەل.
ھەر كىم دەيدۇ شۇنداق قىزلارنى،
قەلبى بىلەن چېھرى تەڭ گۈزەل.

دەيدۇ: چەكسىز ھۆرمىتىم ئاشار،
ئەلگە تۆكسەم قانچە كۆپ بەدەل؛
چۆلدە ئەمەس چىمەندە ئۆتتۈم —
دەيمەن ئۆمرۈم قىممىتى ھەسەل...

تۇۋاقلاندى ئاچقان ئېغىزىم،
جاۋاب تۇگۇل گەپكە كەلمىدى.
قىز سۆزىدە ھەقىقەت ئايان،
جىم تۇرمايمۇ زىنھار بولمىدى.

---

① كوللىكتىر — نېفىت قۇدۇقىدىن ماي قاتلىمىنى تەكشۈرىدىغان ئەسۋاب.

قايىل بولدۇم قىزنىڭ سۆزىدىن،
ئىلھام ئالدىم ئوتلۇق كۆزىدىن.
ئۆز - ئۆزۈمگە مىڭ مەررە دېدىم:
مەنمۇ ماڭاي قىزنىڭ ئىزىدىن.

1985 - يىلى



## بۇلاق

يار كۆزىدەك ھۇزۇرلۇق بۇلاق،
سەن ئەجەبمۇ قارا كۆز ئوماق.
چۆمۈلىمەن شادلىققا شۇنچە،
ساڭا باقسام تەلمۈرۈپ ھەر ۋاق.

كېتەلمەيمەن ئەگىپ يېنىڭدىن،
بولۇپ قالدىم دىلىمدىن ئامراق.
مەيلى دەيتتىم بولسام ناۋادا،
باغرىڭدىكى گۈل ئاچقان قىياق.

ئەسرالاشسام قانمايمەن زىنھار،
جانان بىلەن ئولتۇرۇپ ئۇزاق.
ۋىلىق - ۋىلىق كۈلىسەن تاتلىق،
سۆزلىرىمگە سالامسەن قۇلاق؟

1985 - يىل

# نېفىتلىكتە

سەيلە قىلسام نېفىتلىكتە ۋىشكىلار ئارا،
باغ بەھرىدىن مىڭ ھۇزۇرلۇق سېزىمەن داۋام.
كۆكنى سۆيگەن ۋىشكىلارنىڭ تالماس روھىدىن،
يەر يېغىدەك فونتانلايدۇ جىسمىمدا چىدام.

سەيلە قىلسام نېفىتلىكتە ۋىشكىلار ئارا،
كۆرۈنىدۇ نېفىتلىكنىڭ بەرى گۈل ـ چېچەك.
كاچالكىلار ئىكرام بىلەن ئەيلىسەم تازىم،
كەڭ ساي ماڭا تۈيۈلىدۇ يارنىڭ باغرىدەك.

سەيلە قىلسام نېفىتلىكتە ۋىشكىلار ئارا،
جۇلالايدۇ ئانار رەڭلىك رەڭگى ــ رۇخسارىم.
سايىنىڭ ئەركىن شوخ ساباسى ئەركىلەپ ئويناپ،
لەۋ ياقىدۇ لەۋلىرىمگە ئۇزۇلمەي بېتىم.

سەيلە قىلسام نېفىتلىكتە ۋىشكىلار ئارا،
ئىپتىخارلىق يۈرىكىمدە ياسايدۇ دەريا.
مەن ئىشقىدا پەرۋانىمەن ـ ئاشىقى ھەمراھ،
ئاھۇ كۆزلۈك ماي چەشمىسى ــ ھۆرلىقا گويا.

سەيلە قىلسام نېفىتلىكتە ۋىشكىلار ئارا،
زوق بېرىدۇ بۇرغۇ ئاتلىق بۇلبۇللار كۈيى.
دەپ قالىمەن گۈلگە ئاشىق بۇلبۇلغا ئوخشاش،
نېفىت گويا بۇ دۇنيانىڭ ھاياتلىق سۈيى.

سەيلە قىلسام نېفىتلىكتە ۋىشكىلار ئارا،
ئۈمىدلىرىم قاناتلىنىپ كۆلىدۇ بېتىم.
ماي ئىشقىدا چەكسەم جاپا بىلىنەر راھەت،
تەۋرىمەيدۇ مۇشكۈلاتلار ئالدىدا قەددىم.

سەيلە قىلسام نېفىتلىكتە ۋىشكىلار ئارا،
ئىپار بويلۇق ماي پۇرايدۇ بۇرنۇمغا بۇ جاي.
ئارمىنىم شۇ: مەڭگۈ كەزسەم مۇشۇ دىيارنى،
مېھنىتىمدىن كۆپلەپ ئەلگە بەرسەم قاراماي.

1986 ـ يىل



## بۇلاق نەزمىسى

ئىخ گۈزەل جەرەنبۇلاق، ئويناق بۇلاق،
قاشتېشى سىڭىن بەرگى قىياق، نۇرلۇق سىياق.
سەن گويا جانان ماڭا، جاندىن ئەزىز،
قەلبىمدە گۈلخان ئوت ـ پىراق، يالقۇن ئوچاق.

ئىشلىسەم قوينۇڭدا مەن روھىم خۇشال،
خۇددى گۈل رەيھان پۇرايدۇ تۇپرىقىڭ.
مەن ئۈچۈن راھەت ـ ھۇزۇر يىگانە ئۇ،
مېھنەتتە چوغ قايناقلىقىڭ، ھەر ۋاقلىقىڭ.

ئىخ، گۈزەل جەرەنبۇلاق، گۈلگۈن بۇلاق،
قوينۇڭدا بار پۈتمەس بۇلاق، مەڭگۈ ئۇزاق.
ئوخچىغان ماي قەترىسى فونتانلىرىڭ،
شوخ كۈيۈم ياڭراق مۇقام ـــ «نالەش»، «ئىراق».

بەختىيار نېفىتچىمەن، ھۆر ئىشچىمەن،
سەن بىلەن تاپتىم مۇراد، كۈلدى ھايات.
ئارزۇيۇم گۈللەش سېنى ئەجرىم بىلەن،
باي ـ باياشات، گۈلگە پۈركەپ قات ـ قەۋەت.

# ئاق بۇلاق

ئاق بۇلاق، ئاپپاق بۇلاق،
كۆكسۇڭمۇ ئاق نەشپۇت گۈلى.
خۇشناۋا قىلماقتا دەم،
قوينۇڭدا جۇڭغار بۇلبۇلى.

ئاق بۇلاق، ئاپپاق بۇلاق،
قەترەڭ ھاياتلىق زەمچىسى.
سەن بۇگۈن بولدۇڭ يەنە،
پۈتكۈل سانائەت غەمچىسى.

ئاق بۇلاق، ئاپپاق بۇلاق،
چۆل ئىدىڭ ئۈنمەس شىۋاق.
ۋىشكىلار كۆكنى سۆيۈپ،
تاپتىڭ ئەجەب مايدىن روناق.

ئاق بۇلاق، ئاپپاق بۇلاق،
ئاققىن راۋان ئوخچۇپ ئۇزاق.
سەن گۈزەل جۇڭغار كۆزى،
بولدۇم ساڭا چىن ئىشتىياق.

1986 - يىل

# نېفىتچى

باھار كۆلسە نازلىنىپ ساڭا،
كۈنىنىڭ كۆزى ـ يۇلتۇزلار ھېرىس.
بەرنالىقىڭ تاغ كەبى بۈيۈك،
تەلۋە بوران قىلالماس خىرىس.

ناخشاڭ سېنىڭ سابادەك ئويناپ،
ھۇزۇر بېرىپ تاراپ كېتىدۇ.
مېھنىتىدىن بۇلاقلار كۈلۈپ،
ئوخچۇپ ـ ئوخچۇپ ئېقىپ كېتىدۇ.

ئويناقلىغان ئاشۇ شوخ ئېقىن،
سانائەتنىڭ ۋۇجۇدىغا قان.
ھىممىتىڭنىڭ كارامىتىدىن،
ئاتا بولدى ساڭا شەرەپ ـ شان.

1988 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى

# نېفىتچىلار شادلىقى

سايرىشىپ سۇبھىدىكى تورغاي كەبى،
بۇرغۇلار جانلاندى، تەڭ كۈلۈپ كەتتى.
چەشمىدىن ئاسمان ـ پەلەك فونتانلىغان،
ماي بىلەن باكلار پەۋەس توشۇپ كەتتى.

قەلبى شاد نېفىتچىلار ماينى سۆيۈپ،
جان بىلىپ، جانان بىلىپ كۆيۈپ كەتتى.
پاك، ھالال ئەجرى بىلەن خۇشخۇيلۇقى،
تاغدىكى قارغاي بولۇپ ئۆسۈپ كەتتى.

توشۇلۇپ پويىز بىلەن، تۇربا بىلەن،
كان، ئېتىز، زاۋۇت زەپەر قۇچۇپ كەتتى.
باش باھار يامغۇرىدەك ئالقىش يېغىپ،
ئىشچىنىڭ مەڭزىگە گۈل ئۈنۈپ كەتتى.

ماي كېنى ـ جۇڭغارىيە شادلىق كېنى،
ماي بىلەن مەمۇرچىلىققا چۆمۈپ كەتتى.
ئىشچىمۇ مۇندا ئوڭاي روناق تېپىپ،
باي بولۇپ، شادلىق قۇچۇپ كۈلۈپ كەتتى.

1987 ـ يىلى 5 ـ ئاي

# قەبرىسى بار دىلىمىزدا

مەن ئەقلىمگە كەلگەندىن تا بۈگۈنگىچە،
ھەشەمەتلىك قەبرىسى يوق ئۇلۇغلارنىڭ.
ساقلانماقتا دىلدا يەنە نامى ئوخشاش،
بوۋام سادىر، باھادىر قىز نۇزۇگۇملارنىڭ.

قاراميدا سىلىم بوۋاي نامى قۇتلۇق،
تەرىپلىنەر نېفىتچى دەپ تىلىمىزدا.
خىش كېسەكلىك قەبرىسى يوق مۇندا بىراق،
قەبرىسى بار ۋىشكا قامەت دىلىمىزدا.

تۆھپىسىگە تەھسىن ئوقۇپ تاشقا ئويۇپ،
ئىزدىيار دەپ ئىسىم قويدۇق باغچىمىزغا.
تاۋاپ ئەيلەپ ياش بوغۇنلار، نېفىتچىلار،
تاشقىنلىتار ئىخلاسىنى بوۋىمىزغا.

بوۋىمىزنىڭ قەبرىسى يوق دېمەڭلار ھېچ،
قەبرىسى بار ۋىشكا قامەت دىلىمىزدا.
ئەسىرلەردىن ـ ئەسىرلەرگە ۋارىسى بىز،
ماي گۈللىرى چېچەكلەيدۇ ئىزىمىزدا.

# چىرايىدىن قەلبى گۈزەلكەن

مەھەللىمىزگە كىلەر ھەر كۈنى،
ھارۋا سۆرەپ بىر جۈپ ياش جۈۋان.
بىر ـ بىرىدىن زىبا قامىتى،
لەۋلىرىدە كۈلكىسى قىيان.

بىكارچىكەن دىمەڭ ئۈلارنى،
مەھەللىمىزنىڭ تازىلىق ئىشچىسى.
شۈ ئىش بىلەن گۈل ـ چىچەك ئاچتى،
ياشلىقتىكى بەخت غۈنچىسى.

ئۆز كەسپىگە قەلبى ئوت ـ ئاتەش،
پىسەنت قىلماس يامغۈرغا ـ قارغا.
تاڭ سەھەردە بولىدۇ تەييار،
ھەربىر ھويلا، ئىشىك ئالدىدا.

كوچا ـ كويلار جانان چىنىدەك،
تازلىنىدۇ يوقاپ ئەخلەت، كۈل.
ئەينەكتەك پاك ـ پاكىز كوچىلار،
پۈراق چاچقان گويا ئەترگۈل.

داڭلىشىدۇ ئەلمۇ ھەمىشە،
قىزلىرىمىز ئىشچان، ئىپىل دەپ.
ئەل سۆيگەننى ئەلمۇ سۆيىدۇ،
شۈڭا دىللار ئاڭا ئىجىل دەپ.

ئۈرۈمچىگە باردى ئۈچ نۆۋەت،
ھەر ئىككىسى ئىلغار سايلىنىپ.
كېچە ـ كۈندۈز قەلبى ئۇلارنىڭ،
ئۆز ئىشىغا كەتكەن باغلىنىپ.

خىسلىتىنى بىلسەم ئۇلارنىڭ،
چىرايىدىن قەلبى گۈزەلكەن.
كىمكى سۆيسە ئاددىي ئىشنىمۇ،
ئەلدە شۇنداق نامى غەزەلكەن.

1984 ـ يىل



# بولسام

بىر تۈپ شاپتۇل مېۋىسىگە باققانىدىم،
بىر نەچچىسى كۆزلىرىمگە ئوت كۆرۈندى.
گويا شۇ تاپ مەڭزى لالە نىگارىمنى،
كۆرگۈنۈمدىن چارە ئوتلۇق دىل سۆيۈندى.

چىشلىۋىدىم بىرنى ئېلىپ، بىر شېخىدىن،
تەنلىرىمگە تەمى تارقاپ قەن بىلىندى.
ئەمما كۆپ - كۆك پىشمىغاننى يېيىش تۈگۈل،
ئالماي تۇرۇپ چىرايىدا سوغ تۇرۇلدى.

توۋا بىر تۈپ شاپتۇل تۇرۇپ مېۋىلىرى،
نىچۈن ھەر خىل پىشىش ۋاقتى، شىرىنلىرى.
ياكى كەملىك قىلامدىكىن بەزى شاخقا،
يەتكۈدەك تەل قىغ - قاتلىرى سۇ - سەللىرى.

ۋەتەن بىر تۈپ شاپتۇل دېسەك، بىز سەمەرى،
پەرق ئېتەر ئەۋلادلارنىڭ تۆھپە تەرى.
مەنمۇ بولسام بالدۇر پىشقان شاخ مانتىسى،
ئەلمۇ رىزا، ئاقلىناتتى ئەلنىڭ ئەجرى.

ئەلمۇ ئالقىش ئەيلەپ شۇنداق پەرزەنتىگە،
ئىچ - ئىچىدىن خۇرسەن بولۇپ شادلىناتتى.
كەتسە كۈلۈپ ھەر ناۋادا ياشلىق گۈلۈم،
ئەجرىم ئەمەس، ھەتتا نامىم يادلىناتتى.

1985 - يىل

# باھار كەلدى يەنە يۇرتۇمغا

باھار كەلدى يەنە يۇرتۇمغا،
تاغ ۋە دالا ياساندى قىزدەك.
باھار بەرگەن سەرخىل چېچەكتىن،
باشلىرىغا ئارتىشتى لىچەك.

قىش ـ زىمىستان ئۆزىدى ئاستا،
ئەگىز بىلەن كۆزى ياشلىنىپ.
باھار بەرگەن سەرخىل چېچەكتىن،
باشلىرىغا ئارتىشتى لىچەك.

باھار كەلدى يەنە يۇرتۇمغا،
ئىللىققىنە يامغۇرى ياغدى.
يامغۇر ئەمەس ياغقىنى بەرىكەت،
تەشناسىغا يەر ـ زېمىن قاندى.

باغلار ئارا سايرىدى بۇلبۇل،
تومۇچۇقلار شادلىنىپ تەڭكەش.
ھەممە ياقتا ھايات نەزمىسى،
شاۋقۇنلىدى، ياسىدى ئۆركەش.

باھار كەلدى يەنە يۇرتۇمغا،
مېھنەت بىلەن چاينايمىز ناۋات.
تەرىمىزدىن تارىم باغرىنى،
زەپ چىرايلىق قىلىمىز ئاۋات.

باھار ھۆسنى چىمەنگە رەڭداش،
گۈزەللىكى تىللاردا غەزەل.
ھەر باھارنىڭ پەيزى باشقىچە،
خاسىيىتى شۈنچىلىك ئەۋزەل.

باھار كەلدى يەنە يۇرتۇمغا،
خۇددى گۈلگە ـ گۈل قوشۇلغاندەك.
ئەلمۇ ئوخشاش گۈلچىراي بولۇپ،
بەزمە، مەشرەپ قايناپدۇ تويدەك.

1988 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى



# كۆكلەم

چېچەكلىگەن ھۇپپىدە گۇللەر،
قاماشتۇردى كۆزۈمنى باغدا.
بال تۇيۇلدى سۆھبەت ـ سەيلىمىز،
يايرىم بىلەن بېقىشقان چاغدا.

يايرىم بىلەن قوغلىشىپ ئويناپ،
گۇل بەرگىگە قوندۇق شادىمان.
كۆكلەم كۆكسى ـ باغلاردا ئويناپ،
يۈرىكىمدە قالمىدى ئارمان.

ياشلىقىمنىڭ ئالتۇن چاغلىرى،
زەپمۇ شېرىن ئۆتمەكتە ھەردەم.
تۇرمۇشۇمغا يېڭى تۈس بەردى،
پەسىللەرنىڭ ئەركىسى كۆكلەم.

1986 ـ يىلى 5 ـ ئاي

# نۇرانە يورۇتسام سەبى دىللارنى

مارايدۇ تولۇن ئاي خانەمنى تۈندە،
قۇياش ھەم نۇر تۆكىدۇ نۇرانە كۈندە.
خانەم نۇر ـ زىيادىن بولىدۇ پەرى،
سۆيىمەن «چوككىدە» يېقىملىق ئۈندە.

ئىپاردىن بەھىرلىك سۈبھى ھاۋاسى،
سىلايدۇ ئەركىلەپ مەڭزىمنى ئوماق.
ساپ ھاۋا، نۇر بىلەن ياشناپ چېچەكلەپ،
دەملىرىم ئۆتىدۇ لەززەتلىك ھەر ۋاق.

شۇ شېرىن ئۆمرۈمگە ياغدۇرار ئىمكان،
ئازادە دېرىزە ـ تۈڭلۈك ھەمىشە.
مېھنەتنىڭ ئىززىتى، قەدرى زىيادە،
ئاسمانمۇ زۇمرەتتەك سۈپسۈزۈك شىشە.

بىبەھىر ئادەمدىن چارە دېرىزە،
خانەمدىن قوغلايدۇ زۇلمەتنى گۆرگە.
نۇرانە يورۇتسام سەبى دىللارنى،
ئەجدادلار مۇرادى چىقىدۇ تۆرگە.

# سابا

سابا سۆيسە چىلان مەغزىمگە،
ئەركىلىتىپ قوندۇز چىچىمنى.
تومەن دەريا سۇيى ـ كەلكۈنى —
چاچرىتىدۇ زۇمرەت ئۈنچىنى.
يۈرىكىمدە قاينايدۇ شادلىق،
بەرگەن ھۇزۇر، لەززىتى تاتلىق.

مەن ئالىمەن گۈلنىڭ ھىدىنى،
ھىدلا ئەمەس يارنىڭ پۇرىقى.
ھەر تىنىقتا ھاياتلىقىمغا،
بولۇر گويا جاننىڭ ئوزۇقى.
ماڭا ھەمراھ ئەركىن، شوخ سابا،
يۈرىكىمگە چىن ۋىسال شىپا.

ئانا تۇپراق سۇلماس چىمەنلىك،
ئەسىرمۇ يوق چۆلنىڭ ئەپتىدىن.
گۈل ھىدىنى ئېپ كېلەر سابا،
ئەندىشەم يوق بۇگۈن ـ ئەتىدىن.
چاۋاكلايمەن كەلسە شۇ سابا،
سۆيەر گۈللەر لەۋ يېقىپ تازا.

مەن تىلەيمەن سابا كەلسە دەپ،
بەرگەچكە ئۇ قەلبىمگە مادار.
يۈرىكىمدە بىخلىنىپ ئۆستى،
مۇھەببىتىم قامىتى ــ چىنار.
سابا ماڭا دائىما داۋا،
سابا بىلەن كۈلىمەن راسا.

1987 ـ يىلى 12 ـ ئاي



## باھار پەسلى گوياكى ئانا

ئۆز قىزىغا چوكانلىقىنى،
بەرگەندەكلا خۇددى جان ئانا.
تارتۇق ئەتتى گۈزەللىكىنى،
تەبىئەتكە نەۋباھار يانا.

تاغ ۋە دالا قالماستىن چالا،
چېكىسىگە تاقىدى بېزەك.
تۇزدى بەزمە ياش - قېرى تۇگەل،
قىلىشقاندەك بەئەينى كۆرەك.

دالا بىلەن بەسلىشىپ باغلار،
ئىپار بويلۇق پۇراق چېچىشتى.
قۇشلار بولۇپ باغلارغا ئەسرا،
ۋىچىرلىشىپ كۆڭۈل ئېچىشتى.

خاسىيىتى زەپمۇ زىيادە،
تۇگىمەيدۇ، پۇتمەيدۇ يازسا.
ھېممىتىدىن باھار پەسلىنى،
ھېسابلىدىم گوياكى ئانا.

1988 - يىلى 4 - ئاي

# ئىپتىخارلىق

كۆندە كىرسەم سىنىپلارغا شادىمان،
كۆز تىكىمەن ھەۋەس بىلەن گۈللەرگە.
ھاياجىنىم تاشقىنلايدۇ ئاشۇ تاپ،
ھەتتا سىغماس سايرامدىن چوڭ كۆللەرگە.

دېرىزىدە چېچەك ئاچار ھەر خىل گۈل،
مەيلى سوغ ـ قىش تونۇردەك ياز پەسلىدە.
گۈلگە بولغاچ يۈرىكىمدە تەشنالىق،
سۆيىنىمەن ئەجرىم قەنتى ـ بەھرىدە.

پەرۋانىدەك ئايلىنىدۇ گۈلچىلەر،
گۈل يېنىدا پەرۋىش قىلىپ سۇ چېچىپ.
ھەر سىنىپتا ئەكسى بار مىڭ، مىڭ بېھىش،
خۇش پۇراقلار تارقىلىدۇ گۈپۈلدەپ.

مەنمۇ باغۋەن ياش، تىرىشچان، بەختىيار،
غۇنچىلارغا دىلدا قەۋەت مۇھەببەت.
گۈللىرىمنى شەبنەم بولۇپ ئاسرايمەن،
ۋۇجۇدۇمدا ئىپتىخارلىق تەل قەۋەت.

توزۇيدىكەن تەشتەك گۈلى بەربىر،
ئەمما سولماس مېنىڭ گۈلۈم چېچىكى.
شۇ گۈل بىلەن بېزىلىدۇ تائەبەت،
مۇقەددەس ئەل ـ ئانا يۇرتىنىڭ ئېتىكى.

1986 ـ يىل

# ئىرادە

قاتتىقلىقتا ئەۋرىشكە قىلىپ،
تاشنى ئالار ئىنسانلار ھامان.
سوقۇۋەرسە تاشمۇ بىمەھەل،
بولىدىكەن ھەتتاكى تالقان.

مۆلچەرلىسەم تاشتىن زىيادە،
قاتتىق ئىكەن ئىرادە قەۋەت.
تاغنى كەسكەن پەرھاتمۇ شۇڭا،
ئىرادىدىن تاپقان كۈچ ـ قۇۋۋەت.

ئىرادىدىن ئەيلەيدۇ بىنا،
ئىنسان تاشتىن مىڭ ياغزا زىننەت.
شۇ زىننەتتىن ئالەمدە ئىنسان —
ئۇلۇغلۇقتا بىباھا — قىممەت.

1986 ـ يىل

# سۆھبەت

ئەندىكىسەن سۇ چىچىپ قويسام،
ئىچۇن يەنە دەرياغا ئامراق.
مەقسىدىڭنى ئېيتقىنا ئىگار
يۈرىكىڭگە سىر ئۈندى قانداق؟

بىز بارايلى دەريا بويىغا،
سىردىشايلى ئايدىڭدا ئۇزاق.
ئىنتىزارلىق قاندۇ شۇ دەم،
شادلىق پەيزى ـ ئەۋجىدە شۇنداق.

چاقچاقلىشىپ يار بىلەن شۇ ئان،
دەريا تامان يول ئالدۇق ئۇدۇل.
چىمەنلەرنىڭ ئۈستىدە بىز شاد،
تىنماي باقار شاخ ـ شاختا بۇلبۇل.

سۆھبەت دېگەن شېرىن ـ شېكەردەك،
قىزبىدىكەن ناز ۋە جىلۋىدە.
بىز ئولتۇردۇق گۇگۇم چۈشكۈچە،
گۈزەل باغدا، دەريا لىۋىدە.

سۆھبىتىمىز دەريادەك ئويغاق،
تۈگىمەيدۇ بارار ئەتىگە.
سۆھبەتلەرنىڭ ۋەزنىمۇ تىرەن،
چېتىلىدۇ ھەم كېلەچەككە.

1985 ـ يىل

# چاۋاك

چالدىم چاۋاك نەچچە سورۇندا،
قوللىرىمغا ئۇندى قىزىلگۇل.
بەزىسىگە رايىم تەقەززا،
ۋە بەزىگە جۆر بولۇپ ئۇدۇل.

چاۋاك چېلىش پۇتمەيدۇ، بىراق —
ياخشىلارغا چېلىشىم ئۇدۇم.
ئايرىمىسام ياخشى، يامانىنى،
سوراقلىدى ۋىژدان، غۇرۇرۇم.

سەۋەنلىكنىڭ تەكتى تەنتەكلىك،
پەسىل ئاتلاپ چوڭايدىم، ئۆستۇم.
تەمكىنلىكىم ۋەزنى خانتەڭرى،
نادانلىقنىڭ دامىدىن كۆچتۇم.

1986 - يىل

# ياش

بەزىلەر ئادەمدىن ياشنى سورايدۇ،
چال تۇرۇپ ئۆزىنى ياش دەپ قارايدۇ.
مەنلا ياش بولسام دەپ ئويلامدىكىن ـ تاڭ،
ياش دېگەن نېمىگە شۇنچە يارايدۇ.

قانچىلىك پايدىلىق ياشنى يوشۇرۇش،
بەرىبىر ئۇ ئايان بولىدۇ ئەلگە.
تالىشىپ يۈرگۈچە ياشنى ئۆزگىدىن،
قالدۇرغان ياخشىغۇ ياشلىقتىن بەلگە.

«قېرى» دەپ ئاتاشسا بولمايمەن خاپا،
ئۈمىدىم: قالدۇرۇش ئەلدە ياخشى ئات.
ئەجرىمدىن خەلقىمنى كۆلدۈرسەم بىر رەت،
مەن ياش، مەن قېرىماس، ئەجەل ماڭا يات.

1985 ـ يىل

# تۆھپىكارلار چىقىدۇ تۆرگە

تويغا باردىم قايناق شادلىقتا،
ھەممە مېنى باشلىدى تۆرگە.
ئىختىراچى ئىنىم يېنىمدا —
تۇرغاچ، تارتتىم رەتتىن كەينىگە.

دېدى شۇئان ناتونۇش بىر ياش،
— بىز قارايمىز ساقالغا ئالدىن.
بۇ ئەمەس بىر خۇشامەت - ھىيلە،
ئادەت بولغاچ ئۇزۇن زاماندىن.

دېدىم: ئەمەس ھۆرمەت دەستىكى،
ساقال بىلەن ياشنىڭ چوڭلۇقى.
تۆھپىكارلار چىقىدۇ تۆرگە،
دەۋرىمىزنىڭ بۇدۇر يوللۇقى.

# مېھنىتىم

مېھنىتىم تەختىم مېنىڭ، بەختىم مېنىڭ،
ئۇ بىرەر ئىززەت ماڭا، شۆھرەت ماڭا.
مېھنىتىم گەر بەرمىسە خەلقىمگە نەپ،
ياغدۇرار نەپرەت ماڭا، لەنەت ماڭا.

سەن مېنىڭ مول نېمىتىم، ئەي مېھنىتىم،
جانغا جاندەك ـ شەرۋىتىم، كۈچ، قۇربىتىم.
سەن ئۇچۇن قاينار مۇھەببەت دىلدىكى،
ھېچقاچان سۇلمايدۇ كۆيگەن تاقىتىم.

مېھنىتىم، سەنسىز مېنىڭ يوق قىممىتىم،
نە قەدىر، بەلكى مېنىڭ يوقتۇر دىتىم.
بىرلا سەن ئالەمدە چىن شەكسىز يېقىن،
ئۈلپىتىم، شاپائىتىم، سائادىتىم ...!

1985 ـ يىل

# پارچە - پۇرات كېسەككە قاراپ

پارچە كېسەك مىسكىنگە ئوخشاش،
ياتار ئىكەن يەردە تاشلىنىپ.
«پارچە» لىقتىن بولالماي پۈتۈن،
كېتەر ئىكەن ئىچى ئاشلىنىپ.

سۇنۇپ قەدرى تۆگەپتۇ ئۇنىڭ،
تامچى تۇگۇل باقماپتۇ ھېچكىم.
پۈتۈن بولسا بىناغا ھاجەت،
سۇنغان چاغدا ئەرزىمەس يېتىم.

پارچە كېسەك ھالىنى كۆرۈپ،
ئويلاپ قالدىم تەكتى - تېگىنى.
قەدرى بولار ئىكەن ساق بولسا،
تاشلىنار كەن پارچىلانغىنى!

پۈتۈن كېسەك كەبى مېنىڭمۇ —
ئەتىۋارلىق ياشلىق مەنزىلىم.
ياشلىقىمنىڭ چەكسىز ھىممىتى،
ساپ مېھنىتىم، ئىجادىلىقىم.

ئۆتۈپ كەتسە پەسلى باھارىم،
مەنپەئەتى يوق ئەلگە دېرەكسىز.
قەدرىم پارچە كېسەكتىن تۆۋەن،
ئۆچەر ئىكەن ئەلدىن ئىتىم تېز.

1986 - يىلى

# قول يۇغاندا

قوللىرىنى يۇيۇش ئۈچۈن ئەتىگەندە،
توختى بوۋاي ئاپتۇۋىنى ئالدى قولىغا.
قەدىمىنى ئىتتىكلىتىپ ماڭدى ئۆدۈل،
ھويلىدىكى تال باراڭلىق كەڭرى يولغا.

— توختاڭ ئاتا، — دېدى قەيسەر چاچراپ قوپۇپ،
تەلەپ قىلدى توختىكامدىن ئاپتۇۋىنى.
بىر قولىدا كۈمۈش رەڭلىك چىلاپچا بار،
— مەن سۇ قۇياي، — دېدى، — تەڭلەڭ قولىڭىزنى.

— رەھمەت بالام، ئىنسابىڭغا ئۆزۈم يۇياي،
توختىكامۇ ئۇنىمىدى ئىززەت بىلەن.
— رازىمەنكى ئۆتسە ئۆمرۈم، — دېدى ئوغۇل،
— قولىڭىزغا سۇ قۇيۇشتەك خىزمەت بىلەن.

مېھرى بىلەن باقتى توختى بوۋاي ئاڭا،
رىزالىقى قايناپ، تېشىپ دەريا بولۇپ.
چاقناپ كەتتى شۇتاپ ئوتلۇق جۈپ كۆزىدە،
ۋۇجۇدىغا خۇرسەنلىكنىڭ نۇرى تولۇپ.

# ئىنسانى بۇرۇچ

تۆرەلدىم ئىنساندىن، ئىنسان بولغىلى،
پاك ئىنسان بولماقلىق مۇقەددەس قەرزىم.
ئىنسانلىق سىيماسى — ۋىجدانغا شاھلىق،
گالنى دەپ ياشىسام خەس كەبى قەدرىم.
سۆزلەيمەن ھەقنى ھەق، يالغاننى ـ يالغان،
چۈنكى ئەل ھەقىقەت ئەھلىگە قالقان.

نىجاسەت، مەرەزنىڭ جايى يەر تەكتى،
قۇياشنىڭ ماكانى بىغۇبار ئاسمان.
ھەق سۆزلەپ پىل ـ پىل شام كەبى يانسىمۇ،
ئاخىرى پارلايدۇ بولۇپ نۇر ـ چولپان،
سۆزلەيمەن ھەقنى ـ ھەق، يالغاننى ـ يالغان،
چۈنكى ئەل ھەقىقەت ئەھلىگە قالقان.

ھەقنى ـ ھەق سۆزلىگەن بەزىدە زەبۇن،
بۇ ماڭا تارىختىن بەش قولدەك ئايان.
ۋە لېكىن يادىمدا (بەلكى تىلتۇمار)،
بولمىغاي گادايمۇ، ئىتتىن قورقمىغان...
سۆزلەيمەن ھەقنى ـ ھەق، يالغاننى يالغان،
چۈنكى ئەل ھەقىقەت ئەھلىگە قالقان.

ئەجدادلار بۇرۇنلا بەرگەن تەلىمات،
«ھەق سۆزلە، مۇشۇكتەك يۇما كۆزنى دەپ،
توشقاندەك مىڭ يىللاپ ئۆتكۈچە قورقۇپ،

يولۋاستەك ئۆت نەپەس، ئۆلسەڭمۇ ئوق يەپ،
سۆزلەيمەن ھەقنى ـ ھەق، يالغاننى يالغان،
چۈنكى ئەل ھەقىقەت ئەھلىگە قالقان.

ئىنسانلار دۇنياسى خۇددى داش قازان،
پاكلىق ھەم ناپاكلىق بەرى قايناشقان.
مىڭلىغان ئەجىردىن چاينىسا ھالۋا،
بىر ئۇچۇم ئۆسەكتىن ئاداپ يالىغان،
سۆزلەيمەن ھەقنى ـ ھەق، يالغاننى يالغان،
چۈنكى ئەل ھەقىقەت ئەھلىگە قالقان.

بەزىلەر شەيتاندىن ئۆتەر رەزىلرەك،
ئادەمنىڭ ئالدىدا ئادەم لەۋزى قەن.
ئارقىدا تۆھمەتتىن قازىدۇ خەندەك ـــ
ئادالەت ئەھلىگە بىھۇدە، قەستەن.
سۆزلەيمەن ھەقنى ـ ھەق، يالغاننى يالغان،
چۈنكى ئەل ھەقىقەت ئەھلىگە قالقان.

تۆھمەتخور، رەڭۋازلار پۈتمەيدۇ ھەرگىز،
كۆڭلى ھەم ئاقارماس قاپ ـ قارا كىگىز.
يانتاياق بولغانلار ئاقىۋەت رەسۋا،
ئەلئارا لەنەتلىك بولىدۇ شەكسىز.
سۆزلەيمەن ھەقنى ـ ھەق، يالغاننى يالغان،
چۈنكى ئەل ھەقىقەت ئەھلىگە قالقان.

بۇ ئەمەس پوچىلىق، ۋىجدان نىداسى،
ئەھلى ساپ ۋىجدانغا بوچىلىق ئۇيات.
زەي سالماي ئاتساقمو پاختا بىر نۆۋەت،

تاپمىدى، تاپالمايدۇ ھېچ كىشى مۇراد،
سۆزلەيمەن ھەقنى ـ ھەق، يالغاننى يالغان،
چۈنكى ئەل ھەفىقەت ئەھلىگە قالقان.

چىن ئىنسان ئەھلىمەن تۆھمەتخورغا ئۆچ،
يانمايمەن تەگسىمۇ كۆكسۈمگە قىلىچ.
ۋاي دېمەي، ئۆلىمەن لەۋزىمدە تۇرۇپ،
ھەتتاكى جايىمدىن قوزغالماي غېرىچ،
سۆزلەيمەن ھەقنى ـ ھەق، يالغاننى يالغان،
چۈنكى ئەل ھەقىقەت ئەھلىگە قالقان.

1986 ـ يىل



# خۇشتارلىق ۋە ئۈچلۈك

كۆپ كۈلگەننى كۆرگەندە تۇتسا جۇدۇنىم،
ئۈچ دېمەڭلار دوستلىرىم مېنى كۈلكىگە.
ۋۇجۇدۇمدا يانغان ئۈچلۈك، كۈلكىدىن ئەگىپ —
تۇتىشىدۇ بەلكى ساختا كۈلگەن تۈلكىگە.

تۆرەلگەندىن بىرى ماڭا كۈلكە يار - ھەمراھ،
كىچىكلىكتە كۈلدۈم كۈندە تاتلىق ۋىلىقلاپ.
قىرانلىققا يەتتىم مانا كۈلمەكتىمەن شوخ،
كۈلمەكتىمەن رەقىبكە سوغ تىنماي بۇلدۇقلاپ.

كۈلكىلەرسىز ئۆتمەس مېنىڭ ھەر كۈن، ھەر دېمىم،
(مەيلى شادلىق، مەيلى قايغۇ، مەيلى يىغلىسام).
ئارمىنىم يوق كۈلكەم بىلەن ئەھلى پەسلەرنىڭ —
زەھەر بىلەن تولغان يۈرەك - كۆكسىن تىلغىسام.

دوستلۇق، كۈلكە - راھەت ھەتتا جان ھايات،
ئەجدادلىرىم كۈلكە خۇمار، ماڭىمۇ ئۇدۇم.
مەن خۇشتار چىن كۈلكىگە، كۆپ كۈلگەنگە ئۈچ،
كۈلكەم بىلەن قىيامەتكە كېتىمەن چوقۇم.

1988- يىلى 1 - ئاينىڭ 7 - كۈنى

# دادا بېشارىتى

ساقىلىڭنى تۇتاملاپ دادا،
تۇرغىنىڭدا كۆرىمەن ئۇدا.
قايغۇڭمۇ بۇ ۋەيا شادلىقىڭ،
ئېيتقىن قانداق سىر بار بۇنىڭدا؟

دادام كۇلۇپ ۋىلىلىدە شۇ ئان،
ئايان قىلدى سىرىنى ماڭا.
ـــ بىمەنىلا ئۆتكەن ياشلىقىم ـــ
ھاياتىمنى قىلغىنىم يادا.

ئاتا قىلدى غەيرەت، روھ چىدام،
دادام ئېيتقان ئاشۇ سىر ماڭا.
پۇشايمانغا قالمايمەن مەنمۇ،
ئۆز بۇرچۇمنى ئەيلىسەم ئادا.

1988 ـ يىلى 8 ـ ئاي

# ئانىسىغا ئالايسا كىمكى

مۈش ئاتقانتى بەڭباش بىر يىگىت،
ئانىسىغا پەشۋانى قوشۇپ.
مۈشتى تەگمەي ئانىغا، قاڭقىپ —
كەتتى شۇئان تامغا سۈرۈلۈپ.

ئوڭدىسىغا چۈشتى جاقىدە،
سۇنايلىنىپ ياتتى مۈردىدەك.
يۈگۈرۈپ بېرىپ يۆلىدى ئانا،
يىغلاپ - ئۆكسۈپ سىلىپ ھۆڭگۈرەك.

ئانا دېگەن مېھرىبان شۇنداق،
پەرزەنت ئۈچۈن جاننى بەرگۈدەك.
ئانىسىغا ئالايسا كىمكى،
ئازاب تاپار ئۈنسىز ئۆلگۈدەك.

1988- يىلى 3 - ئاينىڭ 17 - كۈنى

# ناخشا توۋلاپ ئۆتەر هاياتىم

ناخشا توۋلاپ ئۆتەر مېنىڭ هاياتىم،
ئىش قايىنىغان كەڭ مەيداندا ـ دالىدا.
قۇرىمايدۇ ناخشا توۋلاپ ئەۋلىرىم،
دائىم قايناق بەزمىلەردە ـ سامادا.

ناخشا توۋلاپ ئۆتەر مېنىڭ هاياتىم،
شاۋقۇنلىرى شارقىراتما كۇيىدەك.
هەسەلدىنمۇ زېرىكەرمەن شۇبهىسىز،
ئەمما ناخشام مېنىڭ ياڭراق «مۇشاۋىرەك».

ناخشا توۋلاپ ئۆتەر مېنىڭ هاياتىم،
ناخشا توۋلاش ئۇدۇم ماڭا ئەزەلدىن.
ناخشام بىلەن مەزمۇن تاپار هاياتىم،
ناخشا بىلەن داڭ چىقارغان ئەجدادىم.

ناخشا توۋلاپ ئۆتەر مېنىڭ هاياتىم،
ناخشام بىلەن قۇچاقلىشار كائىنات.
ناخشام هايات، مەنىمۇ هايات شادىمان،
ناخشام پۇتسە مېنى كۇتەر تەڭ مامات.

ناخشا توۋلاپ ئۆتەر مېنىڭ هاياتىم،
ناخشام مېنىڭ شادلىقىمنىڭ شاهىدى.
مۇسىبەتمۇ ئۆتمەس قوشاق ـ ناخشىسىز،
ئۇزىغاندا جان ئانامنىڭ تاۋۇتى.

ناخشا توۋلاپ ئۆتەر مېنىڭ ھاياتىم،
كۆلكىسىگە كۆلكە قوشۇپ ئاۋامنىڭ.
كۆلەر ھەتتا جەننەتتىمۇ روھى تەڭ،
ئامانىنىسا يەنە سادىر بوۋامنىڭ.

1989 - يىلى 4 - ئاي

# موللاق

موللاق ئاتسا كەڭ مەيداندا سىرىكچى قانچە،
ئەھلى سورۇن قارايدىكەن زوقلىنىپ ھەر ۋاق.
شاۋقۇنلىغان ئالقىشلاردىن ئۇمۇ روھلىنىپ،
ھارمايدىكەن ماڭلىيىدىن ئاقسا تەر مۇنچاق.

ئويلاپ باقسام خېلى كۆپكەن موللاقمۇ، بىراق —
ئەل ھەممىگە بولمايدىكەن رايىدىن مۇشتاق.
تاراسلىتىپ ياغدۇراركەن لەنەت مۆلدۈرى،
كىمكى ئەلنىڭ نەزىرىدىن ئاتقاندا موللاق.

مەن ئاتمەن سىرىكچى بولۇپ مەيداندا موللاق،
ئەجدادىمغا ھەقدا بولۇپ ئۆگىنىپ ھەر ۋاق.
ئەل كۆڭلىگە ھۈنىرىمنى ياغ كەبى ياقسام،
بەللى، ياشا دەيدۇ ئەلمۇ بېرىپ نام - ئاتاق.

1986 - يىلى

# ئانام شۇ سوسكا

زاكىلاندى تۇغۇلغان بوۋاق،
لەۋلىرىگە جان بەردى سوسكا.
كۆيۈپ پىشىپ باقتى مومىسى،
بوۋاق بولدى كۈۋۈكتا باچكا.

ئۆسكىنىدەك يۇمران بىخ گىياھ،
بولدى بۇدرۇق قوي كۆزلىكى بەس.
تەتەلىسە تايدەك يۇلقۇنۇپ،
ۋۇجۇدىدا خۇشلۇقى پەۋەس.

چۈچۈك سۆزى، ئوماق قىلىقتىن،
تەپەككۇرغا چۆمۈلدى دادا.
شىۋىرلىدى ئۆزىگە نىچۈن،
ئاتا دەپلا قىلىدۇ يادا.

كۆكرىكىگە بىسىپ بالىنى،
ئەركىلىتىپ سورىدى ئاستا.
ئالمايسەنغۇ ئاناڭنى تىلغا،
دىدى: بالا ئانام شۇ سوسكا.

# بورانغا

ئېيتقىنا بەڭباش بوران سۆزۈڭنى راست،
سەن نىچۈن جۇڭغارغا ئامراق شۇنچە بەك.
قىش ۋە يا باش ئەتىياز ... تۇرمايسەن جىم،
شىر كەبى ھەيۋەڭ كىشىنى يەۋەتكۇدەك.

ئەلنى سەن كۆپ مەرتىبە باقتىڭ سىناپ،
بەيگىدە بەل ئەگمىدۇق زىنھار ساڭا.
بەلكى چۆل باغرىدا باغ بەرپا بولۇپ،
سۇپسۇزۇك شەبنەم بىلەن كۈلدى گىياھ.

ھە يەنە ھۇجۇم بىلەن تىنمايسەنغۇ،
سەندە بار قانداق نىشانە ـ مۇددىئا؟
بولدى بەس! كەلمە بۇيان، قاشاڭ بوران،
بىزدە بار غەيرەت بۈيۈك تاغدەك گويا.

1988 ـ يىلى 4 ـ ئاي

# شارقىراتما

تاشتىن ـ تاشقا سەكرىشىڭ كىيىك،
زېمىن تامان ئۇچۇشۇڭ ساداق.
نازۇكلۇقۇڭ جانان سىياقى،
مەپتۇن بولۇپ قارايمەن ئۇزاق.

شاۋقۇنلىرىڭ بىر لىۋەن ناخشا،
ھەر ئۇچۇمىڭ لەززەتلىك ۋىسال.
باغاشلىسام باغرىڭغا كىرىپ،
شوخ ئېقىنىڭ كۆلكەمگە مىسال.

سۇزۇكلۇكى پاك كۆڭلى يارنىڭ،
چاچراشلىرىڭ بوينۇڭدا مارجان.
ئالدىرايسەن مەنزىلىڭ چۆلگە،
ھەر ئىزىڭدىن چېچەكلەر ئارمان.

جەسۇرلۇقۇڭ ـ ئەزىمەت، كارۋان،
تۇسالمايدۇ جىرا ۋە ئۆتەڭ.
تەبىئەت ھەم ئىنسانغا ئوخشاش،
يەر ـ زېمىنغا، سېخىيلىقىڭ كەڭ.

# ئانا رىزاسى

بويىنغا مىندۈرۈپ باققانتى ئانام،
شىمىمنىڭ بېغىنى ئېتەلمەس چېغىم.
كۆرگەننى ئېلىپ بەر دېسەم ياش تۆكۈپ،
خان بىلگەن رايىمنى، قاتمىغان بېشىم.

چوڭ بولۇپ قېتىلسام قاتارغا ئەمدى،
جان ئانام يوق بولغاچ ئېچىشتى ئىچىم.
چىن رىزا ئەيلىسەم ئانامنى مەنمۇ،
يېتەتتى ئەرشكە شادلىقتىن بېشىم.

ئويلىسام ئۆلمەپتۇ ئەسلىدە ئانام،
ساقلاپتۇ ئانامنى كۆكسىدە ئىلىم.
ئەيلىسەم ئەل ـ ۋەتەن، خەلقىمنى رىزا،
ئاناممۇ ھەم رىزا گۈل ئاچار ئىزىم.

1988 ـ يىلى 4 ـ ئاي

# زېمىنگە خىتاب

ئانا تۇپراق سېخى سەن ئەجەب،
سەن ئىنسانغا بەخت ياراتقان.
يېگانە بىر ئىنسانلا ئەمەس،
پۈتكۈل ئالەم، جاھان يارالغان.

سەن بېرىسەن تىرىكلىككە جان،
مەۋجۇداتنىڭ ۋۇجۇدىغا قان.
نېمەتلەرنىڭ تەكتى كانى سەن،
كۆكسۈمدە بار ھەتتاكى ئەدنان.

نىچۇن يەنە قىسسىگە چۆمۈپ،
سېخىيلىقتا چىقارمىدىڭ نام.
«يەر كۆزى ئاچ، تويمايدۇ» دىبان،
ساڭا قەستەن چاپلاندى بەتنام.

ئانا تۇپراق رەنجىمە ئارتۇق،
ھەق ئىگىلەر شۇنداق بۇ جاھان.
كۆزى تۇرسا كور خېرىدار دەپ،
ئاتارمىدى ئىنساننى ئىنسان؟؟؟

1989 ـ يىلى 10 ـ ئاي

# سېھىرلىك سادا

سۆكۈپ كەلدۇق يامانلارنى ھەممىمىز،
كوچا كويدا، ئۇچراتقاندا، كۆرگەندە.
توۋا دەيمەن ياخشى دېدۇق يەنە تەڭ،
يامانىنمۇ يەرلىككە كۆمگەندە.

پۈتەمدۇ يا گۇناھلىرى ئىنسانىنىڭ،
پانى دۇنيا ئالىمىدىن كەتكەندە.
جان بىلەن سۆز چىقار ئوخشاش ئېغىزدىن،
سادايىمىز نەگە يەتكەن، ئۆتكەندە.

ياخشىلارنى «يامان» دېسەڭ كۈلگەندە،
يامانلارنى «ياخشى» دەمدۇق كۆمگەندە.
پانىيدىغۇ ئۆتسەك شۇنداق ھال بىلەن،
نە مۇددىئا ھۆكۈم سۈرەر ئۆلگەندە؟

1989 ـ يىلى 11 ـ ئاي

# جانانغا

دەر ئىدىم جانان سىنى بىر چاغدا،
جان بىلەن قاندىن ئەزىز، مەڭگۈ ئەزىز.
شۇ ئەزىز يار ۋەسلىيۇ ـ ۋىسالى ھەم،
قەنت ـ ناۋات، بال دەك شېرىن ھەم لەزىز.

يار دېسەم كۆيگەن تىنىم قىلدەك قېيىپ،
چوغدەك پىژ ـ پىژ كاۋاپ تىمسالىدەك.
مەن سىنى ھەتتا ساناپ كەلگەنىدىم،
نەۋقىران ياشلىق گۈلۈم ـ نىھالدەك.

ئەمدىچۇ، كەتتى بۇ مۆلچەر يوقاپ،
سۆدىكى بۇژغۇن كۆپۈكتەك بىر يولى.
كەلمىسۇن كۆڭلۈڭگە سۆز ئېيتقانلىرىم،
بۇ سىنىڭ نابابلىقىڭنىڭ مەھسۇلى.

شول ئۈچۈن جانان دېسەم جىسمىم تىكەن،
دىل كۆيۈش ئالماشتىغۇ تىل كۆيىدۇ.
مەن ئەمەس ئەلمۇ ھامان نا ئەھلىنى،
خۇددى بىر چاشقان ساناپ تەڭ سۈرىدۇ.

كەت يىراق، كەتكىن يىراق، مەندىن نىگار،
نازلىرىڭ ياقماس غەلەت قىلساڭ بىكار.
ھەسرەتتىمەن، ئازغانغا مىڭ ـ مىڭ مەرتىبە،
مەيلىدى چىن يار ئۈچۈن بولسام چاكار.

1987 ـ يىلى 2 ـ ئاي

# گۇلدەستە

سەن كەتكەندە تىككەن ياستۇقنى،
قويىۋېدىم بېشىمغا جانان.
دىمىقىمغا ئۇرۇلدى خۇشبۇي،
پۇرىغاندەك مەن شۇتاپ رەيھان.

شۇ كەتكىنىڭگە سېغىنىپ ئۆز،
گۇلباغ قىلىپ مېھرىڭنى شۇنداق.
ھەر باققاندا ئەسلەيتتى ماڭا،
ئاشۇ چېچەن ۋەسلىڭنى ھەر ۋاق.

خۇمار قىلسام بىمەھەل سېنى،
كۆكرىكىمگە باستىم قانچىلاپ.
ئىخلاسلىرىم ئۇلغايدى دىلدا،
ھارارەتلىك نۇر بولۇپ چاقناپ.

كۆيۈكۈمگە ھەم - شىپا بولدى،
ياستۇقتىكى چىرايلىق كەشتە.
قەدىرلەيمەن ئۇنى ھەر كۈنى،
ئۆزۈڭ بەرگەن ساناپ گۇلدەستە.

# سېغىنىش يېشى

سابا سورىدى گۈلدىن يېنىشلاپ،
نىچۈن تاڭدا كۆزلىرىڭدە ياش.
گۈلدىن كەلدى ئاجىز بىر نىدا،
قۇياش ئىشقى بەرمىدى چىداش.

قۇياش بىلەن ئەۋلىشىپ قېنىپ،
ياش قۇرىدى گۈلنىڭ كۆزىدىن.
يەر ــ زېمىنگە زىننەت قوشۇلدى،
شادلىق ئۇنگەن گۈلنىڭ يۈزىدىن.

گۈلنىڭ ئەۋزى، ساداقىتىدىن،
قۇتلۇقلىدى سابا قۇچاقلاپ.
گۈللەرمۇ تەڭ جاۋابەن رەھمەت ــــ
ئىزھارلىدى كۈلۈپ چاۋاكلاپ.

قۇياش ئوتلۇق باغرىنى ئاچتى،
سىنەسىنى گۈللەرمۇ ياقتى.
خۇمار كۆزلەر ۋىسال پەيزىدە،
بىر ــ بىرىگە تىكىلدى ــ باقتى.

# ناخشىچى قىزچاق

نەۋ باھارنىڭ يامغۇرى بىرلە،
كۆلگەندەك گۈل ـ گىياھ ياشناپ.
زوقلىناتتىم ناخشىچى قىزچاق،
سەھنىلەردە ناخشاڭنى ئاڭلاپ.

لېۋەن ناخشاڭ قۇلاق تۈۋىدە،
يۈرەر ئىدىم ئەل يۇرتقا ماختاپ.
ئېلىپ قاچتى بۈگۈن رايىمنى،
ناخشاڭ بىردىن ئەكسىگە باشلاپ.

ئېيتقان چاغدا لاي ـ لاي، ئاي ـ ھاينى ...
ئۆتۈپ كەتتىڭ مەزمۇننى تاقلاپ.
يۇقىمغاندۇ كىكەچلىك ساڭا،
ئوقۇساڭچۇ ھەممىنى تاشلاپ.

1988 ـ يىل

# شامالدۇرغۇچ

رەققاس كەبى پىرقىراپ تىنماي،
شامالدۇرغۇچ ئوينايدۇ ئۇسسۇل.
يۇز ـ كۆزۇمنى سىلىق سىپىلاپ،
لەرزانغىنا ئېيتىدۇ مەرغۇل.

ئۇنىڭ بەرگەن راھەت ـ ھۇزۇرى،
گويا يارنىڭ ۋەسلىدەك لەزىز.
ئۇ تۇرىدۇ كىر ـ غۇبار قونماي،
بەھرى بىلەن تورۇستا ئېگىز.

نەرسە ئەمەس ئىنسانمۇ شۇنداق،
تەر ئاققۇزسا ئەلگە ـ ئاۋامغا.
نائىل بولۇپ ياشايدۇ ئۇزاق،
ھەقلىق ئورۇن ـ ئاتاققا، نامغا.

# بىر كۇپلېتلىق شېئىرلار

## تۇيغۇ

تاشچىلار تاشلارنى چوقىسا داۋام،
چاچىدۇ قىپ ـ قىزىل ئەتراپقا ئۇچقۇن.
تاشتىمۇ بارمۇيە نەپرەت تۇيغۇسى،
بولمايمەن دەرمىكىن تاشچىغا تۇتقۇن.

## ياشاش مەنتىقىسى

بوينى قاتتىق، دەيدۇ ياۋ مېنى،
ئىگىلمەستىن كېتىمەن ئۆلۈپ.
ئۆلسەممۇ شىنىندەك تۇتۇپ،
باقىدىمۇ كېتىمەن ئۆتۈپ.

## تورمۇز

بەزىلەرنى سۇرەتلەپ دائىم،
دەيدىكەنمىز يۇمىلاق تاۋۇز.
زاۋۇتلاردا ياسالسا ئەگەر،
بېكىتسەكچۇ بۇنىڭغا تورمۇز؟

## چۈلۈك

يارىشىدىكەن ئارتۇقىا ئۇزلۇك،
ئاسراش ئۈچۈن قازانغا تۇلۇك.
بەزىلەر بار تۆگىگە سالماي،
تەڭلەيدىكەن ئادەمگە چۈلۈك.

## قوش خۇشاللىق

دادام ماڭا ياشلىقىنى بېرىۋەتتى،
ئۈمىدىنى ئۈمىدىمگە قېتىۋەتتى.
ئىزلىرىمدىن كۈلكە بەرسەم چىرايىمغا —
پېشانەمگە كۈندە مىڭ لەۋ يېقىۋەتتى.

## كىبىر

تاغ باغرىدىن تۆرەلدى شامال،
بىھۇدە دەھشەت گۆلەيدى دەرھال.
كىبىر دېگەن ئەجەپ نېمە ھە؟
تاغقا ئۈسۈپ يەل بولدى ئۇسال.

1988 — 1982 - يىللار

# قوشماق كۆپلېتلار

## بۇلاق كۆزى

يۇمۇلمايدۇ چەشمىنىڭ كۆزى،
ئوخچۇپ تۇرغاچ سۇيى زېمىنگە.
ھەر قەترىسى فونتان مىسالى،
ئېتىلىدۇ يانماي كەينىگە.

مەنزىل ئىشقى دىلىمدا ئاتەش،
جۇپ كۆزۈمدە چولپان سىيماسى.
جاپا چەكسەم بەختىم، كۆڭلۈمنىڭ،
يوقتۇر ئۆزگە راھەت تاماسى.

1985 - يىل

## مۇھەببەت

مۇھەببەتنىڭ ئىسمى ئاتالسا،
شەخسى سۆيگۈ دەيدۇ نادانلار.
ئەمما ئاڭا بېرەر باشقىچە،
تەبىر پەقەت ئاقىل ئىنسانلار.

مۇھەببەتنىڭ خىلى كۆپ ئەمما،
مەزمۇنىمۇ ھەرگىز ئوخشىماس.
كىمكى ئۇنى تاللىسا توغرا،
ئۆمرى گۈلدەك ئۆتەر، قاقشىماس.

## ھىد

گۈلنى گۈزەل دەيدۇ بەزىلەر،
كۆرۈپ ئۇنىڭ كۆرىكى ـ ھۆسنىنى.
كۆرىكى ئۇنىڭ شەكلى ـ سىماسى،
كۆرسەتمەيدۇ ھەرگىز ئەسلىنى.

گۈلنىڭ قەدرى ـ قىممىتى شەكسىز،
سىماسى ھەم خۇش پۇراق ھىدى.
خۇش پۇراقسىز گۈلنى كىم، قاچان ـ
چىن دىلىدىن ئەتىۋار بىلدى.

1985 ـ يىل

## چىم

چىم چىداملىق سۇلمايدۇ ئاسان،
نەگە قويسا كۆكلەيدۇ ھامان.
مەيلى باھار، يازدا ھەم كۈزدە،
سالالمايدۇ ھۆل ـ يېغىن زىيان.

ئۇ ئېيتارمىش ئانا دىيارغا،
باغرىم يېقىپ ياتمىقىم ئادەت.
ھۇزۇر ئېلىپ ئاشۇ تۇپراقتىن،
قۇرىمايمەن، كۆكلەيمەن ئەبەت.

1985 ـ يىل، قەشقەر

## كۆسەي

كۆسەينىڭ ئۆمرى ئەڭ قىسقا،
پىسەنت قىلمايدۇ ئىس، دۇتقا.

ياشار شوُنچىلىك ئاز ئەمما،
بىرەر كۆپ پايدا ئەل - يۇرتقا.

تىنىمنى ئەل ئۈچۈن ھەر چاغ،
كۆسەيدەك ئۆرتىسە گۈلخان.
مۇرادىم ھەل، تامام شۇ دەم،
نە قالسۇن دىلدا چوڭ ئارمان!؟

1985 - يىل

## نەزەر

يايلاق ۋە قوتاندا كالا،
ئۈسسۈيدىكەن ئاجىزنى سىمىز.
ئۆز نەپسىدىن كېچىپ يەم - خەشەك،
بەرمەيدىكەن ئورۇقفا ھەرگىز.

نەزەر سالسام نامەردنىڭ ئۈندىن،
ياۋۇز ئىكەن نىيەت - ئىقبالى.
بەرمەيدىكەن ئاق دىلغا ئارام،
بولسا ئارتۇق قىلدەك ئامالى.

1986 - يىل

## كىرىلمە

ئاتالغۇدەك ئەجرى - تۆھپەڭ يوق،
كىرىلمە كۆپ ئۆلمەيمەن ھېچ دەپ.
بىلەلمەسەن ئۆمرۈڭنى ئۆزۈڭ،
كۆزنى يۇمۇپ كۆپتۈرۈپ ئۆلچەپ.

لاپ سۆزلىمە، ۋاقىتنى ئاسرا،
ئىجادىڭدىن گۈل تىرى كۆپلەپ.
ئەل داڭلايدۇ ھۇزۇرلانسا گەر،
ئۇ ئالەمگە كەتسەڭمۇ ئەسلەپ.

1986 ـ يىل

## چاقچاق

كېتىپ بارسام تاغنىڭ باغرىدا،
سۆيۈپ قويدى قولۇمنى چېچەك.
ھۇزۇرمىكىن دېسەم قىياسەن،
كۆيدۇرۋەتتى گوياكى ئوتتەك.

سىيماسىغا باقسام چىرايلىق،
نامى ئىكەن قىزىقچى ـ چاقچاق.
ئويلاپ قالدىم ھەزەر قىلغۇلۇق،
بەزى ئىنسان پەيلىمۇ شۇنداق.

1986 ـ يىل

## جانان

جانان سېنى كۆرسەم ھەمىشەم،
ئوت كېتىدۇ يۈرەككە شۇئان.
كۆيدۇرەمسەن ئەجەبمۇ مېنى،
جىسمىڭمۇ ئېخ، سېنىڭكى گۈلخان.

دىلىمغىمۇ تۇتاشتى ئاتەش،
هارارىتى ئۇندىنمۇ چەندان.
ئوت كۆيىدۇ، ئوت بىلەن ئوخشاش،
سۆيەي مەنمۇ ئوت بولۇپ هامان.

1986 - يىل

## «قوقاق»

قېنىشمايمەن يار بىلەن دائىم،
لەۋ يېقىشىپ كۈندە نەچچە رەت.
يالقۇنلات دەپ يارغا ئوتتۇڭنى،
قىلىدىكەن قايسى كۈچ دەۋەت.

گۈل ئۈنىدۇ لىۋىمگە بەزى،
خەققە دەيمەن «قوقاق» نىڭ ئىزى.
بىز ئۆتىمىز مېھرىمىز ئىللىق،
قوشماق مېغىز مەڭگۈ قىش - يېزى.

1986 - يىل

## هاجەت

بوياق ئىزلەپ چاپىسەن نىچۈن،
قارايتىمەن چاچلىرىمنى دەپ.
ماڭا ئايان غۇنچە سىيمايىڭ،
كەتمە ئانچە ئۆزەڭچە غەم يەپ.

لەۋزىم مېنىڭ ۋەدەم ئۆلگۈچە،
سۆيگىنىم راست سېنى نىگارىم.
ماڭا ھاجەت دىلىڭ ئاقلىقى،
ئاق چېچىڭغا يوق ھېچ پەرۋايىم.

1986 ـ يىلى 12 ـ ئاي

## سېرىتما

سىيرىتمىدىن سورىدىم سۆيۈنۈپ،
قايسى كۈنۈڭ ھەرىكەتسىز ئۆتەر.
چېھرىدە نۇر بەردى ئۇ جاۋاب،
ئۇ، سىز شۇئان ئۆمرۈمۈ پۈتەر.

سىيرىتمىنىڭ ئۆمرى دەم كۆتە،
ئەمما ئەلگە بەھرى كۆپ يېتەر.
ئەل ئاۋايلاپ شۇڭلاشقا ئۇنى،
بوۋاق كەبى تەتەلەپ كېتەر.

1986 ـ يىلى 12 ـ ئاي

## چالما

چالما تولا سازەندە دوستۇم،
بەزمىلەردە «ۋادەرىخا» غا.
چالغىن جانلىق «شادىيانە» گە،
شوخ يۈرەكلەر تەشنا شۇنىڭغا.

ئەجدادىمىز تۇرۇپ باھادىر،
قاچانغىچە دەيمىز «ۋادەرىخ!»
كەشپىياتنىڭ مارشىنى توۋلاپ،
مىسكىنلىكتىن بولايلى پارىخ!

1987 ـ يىلى 1 ـ ئاي

## سىر

بىر ئۈچكىنى چېقىۋىدىم چاسىدە،
چىقتى پۇچەك، مېغىزى يوق ئىچىدىن.
ئۈمىدىمنىڭ دولقۇنلىرى توختىدى،
ئەسىر قالماي يېلىنجىغان پىچىدىن.

قىياس قىلسا تەكشۈرمەستىن ھەممىگە،
چىقار ئىكەن شاكال ھۆكۈم ئاخىرى.
ئادەم ئەمەس، ھەتتا جانسىز نەرسىنىڭ،
مەۋھۇم ئىكەن تاش يۈزىدە ئىچ سىرى.

1987 ـ يىلى 7 ـ ئاي

## ئىسىم

چىرايلىقكەن ئىنسانىنىڭ ئىسمى،
بىر ـ بىرىدىن مەناسى چوڭقۇر.
ئاڭلىغاندا بەزىسى ھەتتا،
بېرەر ئىكەن گۈل كەبى ھۇزۇر.

نامۇناسىپ ئەمما پېئىلى،
بەزىلەرنىڭ ئاشۇ نامىغا.
سېلىپ قويساق دەيمەن ئىسمىنىڭ،
مەنىسىنى قايتا يادىغا.

1988- يىلى

## بوران

بوران
قۇمنى ئۇچۇرۇپ،
چېچىۋېتىمەن دەپ.
شۇنچە بەك قاتتىق،
چىقىپ گۈركىرەپ،
بەزى ئەزۋەيلەپ،
بەزىسى پەسلەپ.
ئارزۇسىنىڭ ئەكسىچە،
قۇملارنى يىغىپ،
دۆۋىلەپ - تۆپىلەپ.
بەرپا قىلدى دۆڭلەرنى،
ئۆزىگە توسقۇن —
توساقنى كۆپلەپ.

1989 - يىل. ئاپرېل

## بوۋاقتىنمۇ ...

ئەللەيلىسەم ئۇخلىماي بالام،
ياش تۆكتىڭ تارام ۋە تارام.
ۋىلىقلىدىڭ تەتەلىگەندە،
تار كېلىپ كەڭ هويلايۇ - ئارام.

بىلسەم يېشىڭ نەپرىتىڭ ئىكەن،
سەۋەنلىكىم ئەركەڭنى بوغقان.
چوڭلاردىلا بولماستىن بەلكى،
بوۋاقتىمۇ ھاسىلكەن ئىسيان.

1989 – يىل

## خۇشلۇق

يۈرىكىم ئىچىگە پاتمىدى دېسەم،
«دوختۇرغا بار» دېدىڭ ھالىڭ خەتەرلىك.
بۇ سېنىڭ قىياسىڭ بىلسەڭ كۆلكىلىك،
كۆڭلۈمدە خۇشلۇقۇم خۇددى تۇلپاردەك.

شۇ خۇشلۇق ۋەجىدىن قىنىغا كىرمەس،
ئالەمگە سىغماستىن يايرار يۈرىكىم.
نە ھەددى كېسەلنىڭ دەردى مۇپتىلا،
گۈللىگەن چاغلاردا گۈلگۈن ياشلىقىم.

1988 – يىلى 4 – ئاي

# تـوي شـادلـىقى

(شـىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى قۇرۇلغانلىقى ۋە قاراماي نېفىتلىكى ئۆزلەشتۈرۈلگەنلىكىنىڭ 30 يىللىقىغا بېغىشلايمەن)

دەۋرىمىز جۇڭغارغا بەردى ئىجادلىق،
قويۇلدى قوينىغا سەل كەبى شادلىق.
ئېرىشىپ كۆرەككە - ئوتلۇق تىلەككە،
قايىندى بۇندا بال - قەندەك ھاياتلىق.

بۇرغىلار ساداسى ياڭرايدۇ كۆكتە،
ھېيتلىق ناغرىنىڭ ئۇنىدەك كۈندە.
سامادا سەكرەيدۇ كاچالكىلار تەڭ،
تار كېلىپ سايلار كۈندۈزدە - تۈندە.

ئالەمچە زوقلىنىپ چالىدۇ چاۋاك،
كۆرەككە جۆر بولۇپ يۇلغۇنلار شادناك.
ۋىشكىلار ئېيتىدۇ زامانغا تەھسىن،
غۇرۇرلۇق ئىلكىدە ئەيلەپ ئىشتىراك.

تىڭشاڭچۇ سىز بۇدەم ئاڭلايسىز ئۇنلۇك،
كۆيۈكتاغ، ئاق بۇلاق، تارىمدىن ئەجەم.
چەشمىدىن ئاڭلىنار ماينىڭ شاۋقۇنى،
مەردلەرنىڭ كۆڭلىدە تەسۋىر مۇجەسسەم.

تەشنايۇ ھەۋەستە باقماقتا جاھان،
(يەلا ئەمەس ھەتتاكى سۆپسۆزۈك ئاسمان.)
پېشانە تەرىنىڭ نۇرلۇق بەھرىدىن،
نازاكەت بوستانى كۈلدى شادىمان.

ھە، بۈگۈن جۈپ بولۇپ كەلدى بايرام - توي،
جاللاندى قاراماي، جانلاندى بويى.
زېمىنىنىڭ تەكتىدىن ئېتىلغان مايدەك،
فونتانلاپ ئېتىلدى دىللارنىڭ كۈيى.

جەم بولدى كۆرەككە بارچە يېڭىلىق،
خانتەڭرى شادىمان چېھرى چىلان رەڭ.
بەزمىنىڭ تۆرىدە - ئىززەت تەختىدە،
بايراقدار ئۇلتۇرار ۋەزنى شۇنچە كەڭ.

قولىدا سۆپسۈزۈك قاشتېشى جامى،
ئۇنىڭدا لىپمۇلىق باغراش قىيامى.
مايتاغنىڭ مۇقامى ماسلاشتى تويغا،
ئۇن قاتتى ناۋانى ياڭراتتى قەۋەت.

توپتوغرا ئوتتۇزدۇر زەپەر تارىخى،
(ئىشچانلار ئەجرىنىڭ شانلىق شاھىدى.)
كۆرەك بۇ قىممىتى شۇنچىلىك ئۇلۇغ،
ئىپاردەك پۇرىدى قاراماي ھىدى.

پارتىيەم بەرگەچكە كېسىلمەس مادار،
مېھرىمىز قىيانلىق دەريادەك ئاقار.
ئۇلۇغۋار غايىنىڭ يۈكى يەلكىدە،
تەرىمىز بەھرىدىن گۈل - چېچەك ئاچار.

بىز بولدۇق چىن ھۆرمەت تەختى - سۇلتانى،
بولمايمىز غاپىللىق قۇلى - قۇربانى.
بۇرغىمىز ئىلىم - پەن، روھىمىز ئالماس،
ئوخچۇيدۇ زېمىندىن نېفىت قىيانى.

چاقنايدۇ بۇ شەھەر ئۆزگىچە يەنە،
ياغىدۇ تىنىمسىز ئالقىش - تەنتەنە.
كۆرەكلەر ئەۋجىدە مەڭگۈ يايرايمىز،
بەختىمىز تەكتى بۇ بولغاچ غەزىنە.

1986 - يىل

# كۆكلەيسەن دىلدا

(ئاتاقلىق شائىر مەرھۇم تېيىپجانغا مەرسىيە)

قىبلىگاھىم ــ شائىرىم كەتتىڭ،
بىزنى تاشلاپ باقىغا بۇرۇن.
بىزگە يەنە تەخلەي دېدىڭمۇ،
باقىدىمۇ مۇناسىپ ئورۇن.

باقىدىكى جەننەتتىن كۆرە،
تۇرساڭ ئىدىڭ سەركەردە بولۇپ.
سېنىڭ بىلەن ئۇيغۇر تونۇلغان،
ستىروگادا[1] ناخشاڭنى ئوقۇپ.

مۇخەممىسىڭ، غەزەللىرىڭنى،
جاراڭلاتساق دەرقەم ئولتۇرۇپ.
شەرىپىمىز ئاشامتى چامدان،
ئابرال كەبى كۆككە بوي سوزۇپ.

دەرەخ، بۈگۈن نەزىمە بىخىغا،
تەگدى ئۇششۇك توساتتىن كېلىپ.
باسالمىدىم ئۆزۈمنى شۇڭا،
ئىچ ـ ئىچىمدىن يىغا ئېتىلىپ.

ئاھ، ئايرىلدۇق سەندىن مەڭگۈلۈك،
ھەسرەت بىنا بولدى دىل ـ دىلدا.
ئەمما تۆھپەڭ مىسالى سەۋرى،
سەن ئۆلمىدىڭ كۆكلەيسەن تىلدا.

1989 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى

---

① ئاتاقلىق شائىر تېيىپجان ئېلىيوف 1983 ـ يىلى يۇگوسلاۋىيەنىڭ ستىروگا شەھىرىدە «تۇگىمەس ناخشا» نى دېكلاماتسىيە قىلغان.

# مەرھابا

(قارامايدىن قەشقەرگە بىلىم ئاشۇرۇشقا بارغان كۇرسانتلار شەرىپىگە)

نېفىتلىك ئىشچىسى — مەردلىك ئۇلگىسى،
دەۋرىمىنىڭ ئالتۇندەك كۆركى — بەلگىسى.
ئىشچانلىق خىسلىتىڭ شەيدا ئەيلىگەچ،
ھەر كۇنى كۆڭلۇمنىڭ كېلەر كۆرگۇسى.

خۇش كەپسەن بىغىمغا بۇگۇن، مەرھابا!
ھۆرمىتىم تاڭدىكى ئىللىق شوخ سابا.
دىدارىڭ مىسلى ئوت ـ ئاتەش قەلبىمگە،
قىممىتى ئەنبەردەك شىپاھ ھەم داۋا.

قوللىرىڭ بولسىمۇ قاراماي يۇقى،
پاك دىلىڭ مەن ئۇچۇن قۇياش، تولۇن ئاي.
قۇياشسىز ئالەمدە بولماس ھاياتلىق،
قارىدىم مەن شۇڭا سىلەرگە قاناي.

پارلاڭلار يېقىشلىق، ئىللىق، ئۆزگىچە،
مەن ئامراق مەڭگۇگە بولاي پەرۋانە.
ئۆتەيلى ياندىشىپ جەڭنىڭ ئەۋجىدە،
غەلبىگە چوڭ قەدەم تاشلاپ مەردانە.

ئىلىم ـ پەن بىباھا بىرەر كۆچ ـ قۇۋۋەت،
يالقۇنجاپ ئۇلغايسۇن مۇھەببەت ئەبەت.
ئۇنىڭسىز پاك ۋىسال ـ ئارزۇ بىغىدا،
ئاچمايدۇ گۈل ـ چېچەك پەقەت ۋە پەقەت.

ئىناقلىق ـ ئۆملۈكتە غەلىبە تويى بار،
ماڭايلى ئىقبالغا بىرلىكتە ئىلدام.
قۇچايلى كۈرەشتە ئۆچمەس شان ـ شەرەپ،
ئاتا قىپ ئۆزئارا شىجائەت ـ ئىلھام.

1983 ـ يىل، قەشقەر



# قاراماي ئىلھاملىرى

(غەزەللەر)

## ئەسسالام

قاراماي ئوتلۇق دىلىم سۆيگەن دىيارىم ئەسسالام،
كۆككە باش قويغان ئېگىز ۋىشكا ـ مۇنارىم ئەسسالام.

قەھرىتاندا، سوغ، بوراندا، پىژ ـ پىژ تومۇزدىن قاچمىغان،
ئىنژېنېر، تېخنىك، غەيۇر ئىشچى ـ چىنارىم ئەسسالام.

چىن يۈرەك ئىشقى بىلەن بۇ ھۆر ۋەتەن گۈل باغىدا،
ئەي قىلىپ تۇرغان كۆچەتلەر تۆھپىكارىم ئەسسالام.

ئەي نېفىت شەھىرىم ماڭا ئىللىق قويۇن ئاچتىڭ بۈگۈن،
باشلىدىم جۇشقۇن ھايات، سەن كۈچ ـ مادارىم ئەسسالام.

شادىمان كەلدىم سېنىڭ قوينىڭغا ساپ تەر تۆككىلى،
بۇ ئەمەس چەكلىك ۋاقىت، مەڭگۈ قارارىم ئەسسالام.

بىر ئۆمۈر جۇڭغاردا ئۆتتۈم ئۆم ـ ئىناق دوستلار بىلەن،
تىلىكىم چەكسىز شەرەپ ـ شان، مۇددىئايىم، ئەسسالام.

1983 ـ يىل، قاراماي

## ئارمانىم

كېلىپ جۇڭغارغا ــــ جەننەتكە دىلىم ئالەمچە شادلاندى،
ۋۇجۇدۇم تاي كەبى چاپچىپ كۆرەش ئەۋجىگە ئاتلاندى.

تىنىمسىز ھۇۋۇلىغان سۇرلۇك بورانلار ھەيۋىسى پەسلەپ،
تاپان ئاستىمدا ماتەمنىڭ ئوتىدا باغرى داغلاندى.

دىلىمدا ئەل ـ ۋەتەن يۈكسەك ئۈمىد ـ ئارزۇسى چاقنايدۇ،
قەدەمدە شان قۇچۇپ ئۆرلەپ ۋەزىپەم نەچچە قاتلاندى.

ۋەتەن ئوغلى چىۋەر، بەرداش ـ چىدامىم ۋايىغا يەتكەن،
ساداقەت ـ جۇرئىتىم بىرلە جاپانىڭ كۆزى پاتلاندى.

مېنىڭكى ئەھدۇ ـ ئارمانىم: ۋەتەننى مايغا تويغۇزماق،
ئۈنىڭسىز ئەجرى ئەلنىڭكى دېمەيمەن زادى ئاقلاندى.

1984 ـ يىل، قاراماي

## نېفىتچىمەن

مەن ئەزىز نېفىتچىمەن ئورنۇم باراۋەر خان بىلەن،
كۈنسېرى ئۆسمەكتە چوڭ ئۈندىنمۇ ئارتۇق شان بىلەن.

ماي دېسە قەلبىمدە ئوت ـ ئاتەش، لاۋۇلدايدۇ ھامان،
ئەل ئۈچۈن بىر قەترە ماي بولغاچقا تەڭ ساپ قان بىلەن.

مەن كېيىپ ماگسام «نېفىت» خەتلىك تونۇمنى شادىمان،
شادلىقىم ئاۋۇپ بېشىم بويلايدۇ كۆك ئاسمان بىلەن.

نەۋقىران لاچىن كەبى قونغاندا ۋىشكا ئۈستىگە،
كۆرىمەن جەڭگاھنى تەڭ باغنى ئېرەم بوستان بىلەن.

مەيلى چۆل ـ ساي باغرىدا تارتسام مۇشەققەت ھەر نەپەس،
رازىمەنكى، جۇپ كۆزۈم ئۆتمەيدۇ نەم گىريان بىلەن.

غەيرىتىم تاغدەك ئېگىز تۇلپاركى چاپسام پەللىگە،
چۈنكى ئەل نائىل ئېتىپ تۇرغاچ مېنى دەرمان بىلەن.

ئەل ئەزىز مەنمۇ ئەزىز، ئەل تەقدىرى چىن تەقدىرىم،
كۈندە مىڭ ماي چەشمىسى ئەيلەيمەن ھاسىل جان بىلەن.

جۇغلىسام مايدىن زاپاس، ئەل ئېھتىياجى قانسا تەل،
بۇ ئەقىدە ـ ئامىتىم، ئۆتسەملا شۇ ئارمان بىلەن.

روھقا ـ روھ قوشتى تۇگەل ئەلنىڭ تەسەۋۋۇر ـ رىغبىتى،
«قاتلا جۇپ يۈكنى داۋام ـ تىنما!...» دېگەن پەرمان بىلەن.

كۆڭلى سۇ ئىچسە قاچان كىمنىڭ زامانىدىن قانغۇچە،
ئەل غېمى، ئىشقىغا ئۇ ئوخشىتار ئىكەن پەرۋان بىلەن.

ئىخ ۋەتەن بەردىڭ ماڭا ئەلدە غوجايىنلىق ھوقۇق،
ئۆرلىسەم مەنزىلىگە، سەن تەمىن ئېتىپ ئىمكان بىلەن.

ئۈچىمەن كۆككە بېقىپ، تۆھپەمنى سۈنماس پەي قىلىپ،
بەسلىشىپ سۈرئەتتە تېز ماڭغان ئۈدۈل پەيكان بىلەن.

ئەيلىسەم ساپ تەر بىلەن ئەل شەۋكىتى ئابىدىسى،
داڭلىنارمەن تائەبەت «نېفىتچى» نام ـ ئۇنۋان بىلەن.

1985 ـ يىل

## بۇرغىچى ناخشىسى

بۇرغىچىمەن بۇرغىنىڭ دىلدارى تانماس تائەبەت،
شۇ نىگاردىن شېرىن ۋىسال ۋەسلىگە قانماس تائەبەت.

خۇددى مەن مەجنۇن سۆيەت ئاتەشتە ھىجران دەرد كېزەر،
لەيلىگە ئوتلۇق ۋاپا، قەلبىمدە ئىخلاس تائەبەت.

باشىدا يانغان بىھەق نۇرلۇق چىراغلار — كۆزلىرىم،
باقىمەن كۈن ـ تۈن گۈزەل ھۆسنىگە تانماس، تائەبەت.

مەن بىلەن يار چۆل ـ سايدا مۇڭلۇق ئوقۇيدۇ ناخشىنى،
ناخشىسى ـ ناخشامغا جۆر، ئاۋازى تەڭ ـ ماس تائەبەت.

قاپ ـ قارا تۈندە ۋەيا يامغۇر بورانلىق كۈندىمۇ،
كۆزىگە قارمۇقچىلىك غەپلەتمۇ قونماس تائەبەت.

مۇپتىلا بولسام شۇڭا مىڭلاپ جاپاغا ھەر نەپەس،
ئەل چىدامى ئۇلگە بايراق، ئارتقا يانماس تائەبەت.

بەزىلەر دەيدۇ مېنى مەينەت ـ مۇشەققەت بەندىسى،
ئەمما مەن ئەھدەمگە سادىقكى ئاغماس، تائەبەت.

پاك قەلب مېھرىم ئوتى ئۆندەيدۇ دەپ قاز چەشمىنى،
سەن بولۇپ دەم بۇرغىنىڭ دەندانى ئالماس، تائەبەت.

مەنمۇ ساپ مېھنەتكە يار، خىسلەتكە باي ياش بۇرغىچى،
يۇقمىدى جىسمىغا كىر، قەلبىمگە يۇقماس، تائەبەت.

بەختىيارمەن، ماقتىنارمەن، بۇرغىچى نامىم بىلەن،
خۇشلۇقۇم ـ فونتان نېفىت، ئوخچۇيدۇ تىنماي تائەبەت.

ماي بىلەن تاپتى ئاتاق، ئالەمدە تەڭسىز ئەل بۇگۈن،
ئەھلى ئالەم قايلانە ئېيتتى: ھەق راست تائەبەت.

بۇ شەرەپ كەلگەيمۇ گەر يوق بولسا ئىشچان ئىشچىلار،
شۇڭغىغان يەر قەھرىگە مەردانە غەۋۋاس تائەبەت.

يات ماڭا مەنمەنچىلىك ئۆرلەيمەن كۆندە شان قۇچۇپ،
مەقسىدىم مىسلى قىيان قېنىمدا تۇرماس تائەبەت.

بۇرغىنى باغرىمغا باستىم ئەسلا دېمەسمەن سوغ تۆمۈر،
مىڭ گۈزەل قىز ئىشقىدىن ئارتۇق بەخت بۇ، خاس تائەبەت.

نەچچە مىليارد تونىنلاپ يىغماق زاپاس ماي ـ مۇددىئا،
ئاشقۇسى ئىشقا تىلەك قەغەزدە قالماس تائەبەت.

ئەتتى تەل تەمىن ۋەتەن جەڭلەردە ئوبدان شەرت بىلەن،
غەلىبە، تۆھپە مېنىڭ توسقۇن توسالماس تائەبەت.

1985 ـ يىل

# نېفىت دەرياسى

ئاقار دولقۇن ياساپ تىنماي نېفىت دەرياسى جۇڭغاردا،
ئۇنىڭ بەھرىدە گۈل ئاچتى ھاياتلىق نارى گۈلزاردا.

سۈيىنىڭ قەترىسى قىممەت باھالىق شۈنچە ئەل ئىچرە،
ئۇنىڭ تەڭ قىممىتى گويا لەئەل ـ ئالتۇنغا، تىللاغا.

قەدەمدە قۇت تېپىپ ياشناپ، چىناردەك بويسۇنۇپ كۆككە،
ئېرىشتى ئۆمرىمىز نۇرلۇق ئاجايىپ كاتتا مەناغا.

شۇڭا شەھىنگە ياغماقتا ئۇلۇغلاپ تەنتەنە ـ ئالقىش،
باھارنىڭ يامغۇرى يەڭلىغ، جىمى سەپ ـ ساھە تىللاردا.

تارالدى ئاشۇ ئالقىش كۆي ئېسىل، ئوبدانلا پۇرسەتتە،
جاراڭلاپ پانى ئالەمگە نەقىشلىك سازدا ـ دۇتاردا.

سان ـ ساناقسىز مەرد ئوغۇل ـ قىزنىڭ ھالال تەر ـ تامچىسى بىرلە،
ئاقار مۇنداقمۇ شاۋقۇنلاپ تېپىپ يول كەڭرى دۇنيادا.

ئۇمىدىم: مەۋج ئۇرۇپ ـ يامراپ ئېقىۋەر ئەي ئەزىزىم دەريا،
پايانسىز چۆل، قاقاسلىق قۇم، شېغىللىق تاغ ۋە سايلاردا.

كۆكەرسۇن قۇت تېپىپ ئەل ـ يۇرت سېنىڭ بەھرىڭدە شەمشادتەك،
بېقىپ قالسۇن كۆزى تويماي، جاھان ئەھلىمۇ تەشنادا.

1985 ـ يىل

# قىيىدىق

كېلىپ ئەركىن سەيىر ئەتتىم قىيىدىق[1] سەيلىگاھىمنى،
ئۆزىگە نازىنىن يەڭلىغ ئەسىر ئەتتى نىگاھىمنى.

چېچەكلەپ ئايىنىغان رەڭدار چىمەنلىك باغرىدا يايراپ،
تىنىمسىز كۆككە ياڭراتتىم «مۇشاۋىرەك»، «پەنجىگاھ» ىمنى.

تۇمەن مىڭ رەت تاۋاپ ئەتتىم كۆرۈپ تەشنايى ھەۋەستە،
چىمەنگە پاسىبان ھەيۋەت - سۇباتلىق تاغلار - شاھىمنى.

بۇلۇتتەك يامرىغان ئات، قوي ئەزىم دەرياغا چاپقاندەك،
ئىچىپمۇ قانمىدىم ئەسلا زىلال سۇ، چەمشە - چاھىمنى.

ئۇنۇتتۇم شۇ زامان دولغۇل ئۆزۈن يوللاردا، سايلاردا،
يولۇقان چاڭ - توزان ئاچچىق ۋە قاتتىق جەبرى ئاھىمنى.

ئۇنىڭ ھۆسنىگە باققاندا دىلىمدىن ئېپتىخار تاشتى،
كۆرۈپ مەن ئاشۇ خىلۋەتتە گۈزەل ئارامگاھىمنى.

تېپىپ ئاق يول يەنە ئۆرلە سەپەردە توختىماي مەغرۇر،
دېدىم جەڭگە ئۇزاتقاندەك ياناردا ۋەسلى ماھىمنى.

1987 - يىلى 6 - ئاينىڭ 30 - كۈنى

---

① قىيىدىق - يۇرت ئىسمى

# تونۇم بار

نېفىتچى ئىشچىمەن كۆركەم تونۇم بار جۇپ «نېفىت» خەتلىك،
كىيىپ ماڭغاندا جەڭگاھقا ئايان بەستىمدە سۆلەتلىك.

ئۇنىڭدىن ئۆزگە زەر بايلىق كىيىممۇ بەلكى بىھاجەت،
يىگانە يەتتە ئىقلىمدا گويا ئەڭ چارە ـ قىممەتلىك.

ئەگەر مەن لەھزە ئايرىسام شۇئان كۆڭلۈم يېرىم شەكسىز،
ئۇچامدىن مەن ئۇنى ھەرگىز چۈشۈرمەي كىيىمەن رەتلىك.

ئەدەب، ئاڭ، خاسىيەت زاھىر تونۇمدىن ئۇشبۇ ئالەمگە،
شۇڭا يات مەڭگۈ ئەڭلىمگە قاراڭلار، توڭرا ـ مەينەتلىك.

تونۇمدىن تارقىغان مايىنىڭ ھىدى رەيھان ـ ئىپار يەڭلىغ،
پۇرايمەن گۈل كەبى يارەب، نىگار ۋەسلىگىچە مەنپەتلىك.

ھېيت ـ بايرامدا كەيسەممۇ پۇتۇن يۇرت ئىچىدە چانمايدۇ،
شاھانە تون ماڭا ئالىي سۇپەتلىك شۇنچە ھەيۋەتلىك.

قارايدۇ ئەل تېخى زوقمەن كۆزىدىن شەۋقى فونتانلاپ،
مېنى ئەل ـ يۇرتتا تۆر ئەھلى ساناپ مېھمانى ھۆرمەتلىك.

تەۋەررۇك چولدىسى ھەتتا تېپىلماس سېھرۇ ـ ئەڭگۈشتەر،
ئېچىل دەپ بىر نىدا قىلسام ياغار تەل نازۇ ـ نېمەتلىك.

ئەزىز نامىمغا خاس ئۇشبۇ تونۇمنى ياخشى ئاسرايمەن،
كۆرۈپ كۆڭلۈمدە خىسلەتلىك، ئاتايمەن بەھرى ھىممەتلىك.

1985 ـ يىل

## جەڭگاھتا

قۇدۇق باشىدا ـ جەڭگاھتا ئەجەب يايرايدۇ بۇ جانىم،
ئۆزۇم ياش بۇرغىچى، ۋىشكا مېنىڭ چىن ۋەسلى جانانىم.

زېمىن كۆكسىنى بۇرغۇلاپ كېچە ـ كۇندۇزدە ھارمايمەن.
جاراڭلاپ بۇرغىدىن چىققان سادا شوخ ناخشا شادىيانىم.

بېشارەت كەلسە ماي تەختى ـ زېمىنىنىڭ تەكتىدىن ھەر چاغ،
قېنىمغا شادلىقىم سىغماي تېشىپ يامرايدۇ دەرمانىم.

قەھىرلىك سوغ شامال، ئاچچىق شىۋىرغان ئۇرسىمۇ ئاۋۇپ،
ئىشەنچلىك پاسىبان ـ دالىدا ساداقەت شاھى ـ ۋىژدانىم.

كۆۋەجەپ چەشمە جامىدىن نېفىت زاۋۇتىغا ئاققاندا،
دىلىمدا ئەسلا قالمايدۇ ئاداققى ئارزۇ ـ ئارمانىم.

ئەجىردىن، تۆھپىدىن ئىززەت تېپىپ جەڭگاھقا كۇنسايىن،
بېيىتماق ماي بىلەن ئەلنى مۇقەددەس ئەھدۇ پەرمانىم.

1985 ـ يىل

## ئىشچى

دىلىمدا زىكرى ھەر دائىم ھالال تەر مېھنىتىڭ ئىشچى،
قەدەمدە ئەلگە يەتكۇزگەن شاراپەت ھىممىتىڭ ئىشچى.

دېيىلسە يەتتە ئىقلىمدا قەدىرلىك ھەممىدىن ئالتۇن،
ئۇنىڭدىن مىڭ تۇمەن چارە سېنىڭ ساپ قىممىتىڭ ئىشچى.

ياشايسەن بىر ئۆمۈر مېھنەت ـ ئەجىرلەر قوينىدا ئەما،
تەبەسسۇم ئاي جامالىڭدا پەقەت يوق مىننىتىڭ ئىشچى.

ھېرىشتىن بەك يىراق جىسمىڭ دىلىڭدا جۇش ئۇرار مەرتلىك،
بۈيۈكلۈك تەختىدە سۇلتان شاھانە خىسلىتىڭ ئىشچى.

بىلىمگە ئىنتىزار قەلبىڭ، بىكار ئۆتمەيدۇ ھېچ ۋاقتىڭ،
ئۆزۈڭ سەپ ئالدىدا ئۈلگە، سېنىڭ بۇ ھېكمىتىڭ ئىشچى.

شۇڭا مەنمۇ سېنى دائىم ئۆزۈمگە ئەيلىدىم بايراق،
ماڭا مەنزىلدە كۈچ ـ قۇۋۋەت بېغىشلار رىغبىتىڭ ئىشچى.

قانائەت مىكروبى، كىرسىز دىلىڭغا ھېچقاچان قونماس،
قەدەمدە ئۈلگىيار نۇسرەت شەرەپتىن قۇدرىتىڭ ئىشچى.

1986 ـ يىل

# ۋەتەن بەرگەن ئىپتىخارلىق

## باھار كەلدى

باھار كەلدى مۇقەددەس يۇرت ـ دىيارىمغا باھار كەلدى،
باھاردا باغچە ـ باغچىلاردىن دىماققا خۇش ئىپار كەلدى.

قىنىپ شۇ گۈلباھار ئاتلىق ئىگارىنىڭ ۋەسلىگە باغرىم،
ھاياجان ـ ئىشتىياق بىرلە تىنىمسىز كۆي قاتار كەلدى.

مۇقام سەيناسى يۇرتۇمدا باھارغا نەزمە كۆي قاتسام،
كۆيۈم خۇشتارى ئەلنىڭ تەڭ قولىغا داپ، ساتار كەلدى.

باھارنىڭ پەيزىدىن بەھرى ئېلىپ ھەر دىل، بىلەك، بەل ـ پۇت،
ھوسۇلدىن قاتمۇ ـ قات تاغلار ياساشقا كۆچ ـ مادار كەلدى.

باھاردىن باشلىسام ئىشنى، بېرەر تال كۆزدە كىشمىشنى،
دېگەن ئىشچانغا خاس ۋىجدان دىلىمدىن چىن قارار كەلدى.

مۇشەققەت كۆر سېنى پارە قىلىپ ئۆرلەيمەن مەردانە،
بىلىمدىن ھەمدە جىسمىمغا يېڭىلمەس ئىقتىدار كەلدى.

تىزىپ باغدىن چىمەن ئاشىق غېرىپ يارى سەنەمجانغا،
چىمەنگە ئىشقى ـ بارىنى قوشۇپ يايراپ تۇتار كەلدى.

1982 ـ يىل. قەشقەر

# مۇقامچى ئوغلىمەن

مۇقامچى ئوغلىمەن ۋارىس ـ ئاتامنىڭ كەسپىگە ماھىر،
نەقىشلىك دۇتارىم ـــ زۆھرە، ئۇنىڭ ئىشقىدا مەن تاھىر.

تىلىم ـ جۇپ تار ،«مۇشاۋرەك» ،«راك» ،«ناۋا» ئەيلەيدۇ بۇلبۇلدەك،
ماڭا جۆر ھەر زامان داڭلىق قوشاقچى چوڭ بوۋام سادىر.

مۇھەببەت ـ ھەۋىسىم دىلدا يېنىپ تۇرغاچقا ئاتەشتەك،
ئاتامدەك ياخشى ئەلنەغمە ئاتالدىم ئەلدە مەن ھازىر.

مۇقام چالسام كېلەر كۆڭلۈم ـ ئېسىمگە شۇ ئېغىر كۈنلەر،
ئاتام بىلەن، مۇقامىمغا توقۇلغان زەپ گۇناھ، ياپىر ....

سولاندى زەي، سوغۇق، مۇزدەك قاراڭغۇ ھەپسە ـ زىندانغا،
سوراقسىز بىگۇناھ ئاق دىل غەزەلخان، سازچى ھەم شائىر.

باھاسىز نەۋ باھار بەردى ھاياتقا قايتىدىن دەۋران،
مۇقامچى قەددى تىكلەندى گويا سۇمباتىدۇر پامىر.

مۇقامدىن مەن يارالغانتىم، مۇقام توۋلاپ ئۆتەر ئۆمرۈم،
بۇ يولدىن ئازدۇرالماس ھېچ، رىياكار مىڭلىغان جابىر[1].

مۇقامىم شوخ جاراڭلايدۇ ئېتىز، كان، باغدا، مەشرەپتە،
بۈنىڭدەك كۈي تېپىلمايدۇ جاھاندا مەن ئۇچۇن نادىر.

مۇقام بەرگەن ھېسابسىز كۈچ، بەخش، ئۇندەيدۇ ئۆرلەشكە،
تۇرداخۇن[2] روھى دەر: «تىرماش، قانائەت ئەيلىمە قادىر.»

---

① جابىر ـــ «رابىيە ـ سەئىدىن» داستانىدىكى سەلبى پېرسوناژ.
② تۇرداخۇن ـــ مۇقام ئۇستازى تۇرداخۇنكام.

## ۋەتەن

ۋەتىنىم چەكسىز ئەزىز، ئەلالىقىڭ ـــ ئەلالىقىم،
بىباھا قىممەتكە باي، مەنالىقىڭ ـ مەنالىقىم.

بىپايان باغرىڭ چىمەن ھەتتا ئىپسىل ئاندىن تۈمەن،
شۇ گۈزەل ھۆسنى چىراي زىبالىقىڭ ـ زىبالىقىم.

سەن ھۈنەر ـ سەنئەتكە باي، ھىممەتكە باي، خىسلەتكە باي،
بۇ ئايان ئالەمگە چىن دەنالىقىڭ ـ دەنالىقىم.

ۋەتىنىم مېھنەتكە يار، مەرتلەرگە جەڭ مەيدانىسەن،
شان بىلەن ئاشتى سېنىڭ بەرنالىقىڭ ـ بەرنالىقىم.

سەن يېڭى پەن ـ كەشپىيات ئىشقى ئوتى پەرۋانىسى،
بىر ئۆمۈر ئۆچمەس پەقەت شەيدالىقىڭ ـ شەيدالىقىم.

«بار ئۈچۈن سەن مەنمۇ بار[1]» سەنسىز ھاياتىم يوق مېنىڭ،
ھەق دېمەك ھەر چاغ سېنىڭ پەيدالىقىڭ ـ پەيدالىقىم.

ئەي ۋەتەن ئوقتەك ئۈچۈپ ماڭدىڭ بۈيۈك مەنزىلگە سەن،
كەلگۈسى غايەڭ سېنىڭ تەشنالىقىڭ ـ تەشنالىقىم.

ئەي ۋەتەن ئاقسۇن مېنىڭ سەن ئۈچۈن قان ـ تەرلىرىم،
تەر بىلەن كۈلگەي بەخت ھاياتلىقىڭ ـ ھاياتلىقىم.

ياڭرىسۇن ئالەم ئارا شان ـ شۆھرىتىڭنىڭ نەغمىسى،
قايىنىغان ھەر كۈندە توي خۇشاللىقىڭ ـ خۇشاللىقىم

1985 ـ يىل

① بۇ ئاتاقلىق شائىر تىيىپجان ئېلىيوفنىڭ شېئىر مىسرالىرىدىن ئېلىنغان.

## بولدى

ۋەتەن كۆركەم جامالىڭدىن باھارمۇ مىڭ خىجىل بولدى،
تۈمەن بۇلبۇل ناۋا ئەيلەپ ساڭا ئامراق ئىجىل بولدى.

باھارنى شۇنچە لال قىلغان پايانسىز كەڭرى باغرىڭدا،
جاراڭلاپ كۈلكىسى ئەلنىڭ گويا كولدۇرما زىل بولدى.

تېپىلماس كۈللى ئالەمدە سېنىڭدەك بەختىيار ئەل ـ يۇرت،
گۈزەل قوينۇڭدا ھۆر تۇرمۇش ئېسىلدىنمۇ ـ ئېسىل بولدى.

تومۇزدا خۇددى تارىمنىڭ قىيانى يامرىغان يەڭلىغ،
بۇ چەكسىز شاد ـ خۇراملىقتا يېڭى پەرمان كېپىل بولدى.

ئىلىم شەكسىز سېنى بۇندىن ئېسىل گۈللەرگە پۈركەيمەن،
جىمى ئالغا دىبان ئۈچتۇق قوشۇن سەردارى خىل بولدى.

1986 ـ يىل

## دەيمەن

ئۇلۇغلاپ ۋەتىنىم دىلدىن سېنى ئامراق ئانام دەيمەن،
سېنىڭ باغرىڭدا ئۆتكەن چاغ ـ كۈنۈمنى شاد خۇرام دەيمەن.

يېتىم ئەردىم يىگىت بولدۇم، ئۆزۈڭ ـ ئىززەتكە يار قىلدىڭ،
تويۇڭ قايناق سېنىڭ ھەردەم تۈمەن، مىليون سالام دەيمەن.

سېنىڭ ئاق سۈت، ھالال ئەجرىڭ سۆزۈك قەلبىمدە، يادىمدا،
شەرەپتىن تاغ بىنا قىلسام يەنە بار كەم ـ چالام دەيمەن.

دالالەت ئەيلىبان جەڭگە چىقارغان ھەر قارارىڭنى،
بۈيۈك شان ـ غەلىبىگە قادىر مۇقەددەس سۆز كالام دەيمەن.

ساڭا سادىق بىلىم بىرلە، يىگىتمەن لەۋزى ئۆزگەرمەس،
يۈرۈكىڭدە غەم ـ ئەلەم كۆرسەم تىرىك يۈرمەك ھارام دەيمەن.

يىراق غايەڭ، مېنىڭ غايەم شۇنىڭ ئىشقىدا پەرۋانە،
تىرىمدىن گەز رىزا بولساڭ، مۇرادىم ھەل تامام دەيمەن.

پاناھىمسەن ئۆزۈڭ، بەختىم، سېنىڭسىز گۈل ـ چېچەك ئاچماس،
شۇڭا گۈللە ياشا دەيمەن، يانا دەيمەن، داۋام دەيمەن.

1986 ـ يىلى 12 ـ ئاي

## باغۋەن ئەھدى

زامانەم بەدى «باغۋەن» دەپ ماڭا خاس كاتتا شۆھرەتنى،
پۈتۈن ئەل ئىچرە ھەتتا زەر ـ گۆھەردىن چارە قىممەتنى.

قەدەمدە «مەرھابا!» دەيدۇ كىچىك ـ چوڭ ئەيلىشىپ تازىم،
غۇبارسىز كۆڭلىدىن خالىس بېرىپ ئالدىنقى باش رەتنى.

بۇگۈن توي پەيزىگە چۆمدۈم ئىلىم گۈل باغى ـ مەكتەپتە،
قاتار ـ تەڭتۇشلىرىم بىرلە ئېلىپ تەڭ مىسلى رىغبەتنى.

بېغىمدا بار ئەنە سانسىز كۆچەتلەر ئايىنىغا شاخلاپ،
ئۇنىڭغا مەنكى پەرۋىشكار قىزىتتىم كۈندە مېھنەتنى.

دىلىمدا بار بۈيۈك غايە جۇلالاپ پارلىغان ئايدەك،

زەپەر قۇچماققا قادىرمەن يېڭىپ مۇشكۇلنى ـ كۇلپەتنى.

تىرىمدىن ياشنىسا ھەر دەم بېغىمدا ئالما، ئەنجۇر، تال ...
كۆرەرمەن بەلكى مۇندىمۇ زىيادە ئەلدە ھۆرمەتنى.

ئۆمۈرلۈك تەۋرىمەس ئەھدىم: بۇ يولدا ئىشلىمەك بەختىم،
زامان ياغدۇردى يامغۇردەك ئاجايىپ مېھرى ـ شەپقەتنى.

1987 ـ يىل 3 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى

## بۈيۈك نام

خان دەيدۇ يوغان كاتتا، كاتتىلىق ئەمەل ـ ئاتتا،
مەنسەپتىن غۇلاپ چۈشسە سەرسانە يىراق يۇرتتا.

ئەل قاغار ئۇنى تىنماي، نەسلىنى قۇرۇق قويماي،
«دوزاخقا بولار تۇترۇق» دەپ ھەممە ئاۋام ـ داتتا.

خاندىنمۇ يوغان مەنسەپ، كۆرسەڭ مىڭ قېتىم دەڭسەپ،
دۇنيادا پەقەت تاردۇر بىردىنبىر بۈيۈك زاتتا.

نامىدۇر ئۇنىڭ ئۇستاز، بەھرىمۇ گويا گۈلياز،
ئۆلمەيدۇ ئۇنىڭ نامى داڭلار ئەل مۇناجاتتا.

يورۇتسا قۇياش يەرنى، نۇردا لال قىلىپ زەرنى،
پىر روشەن قىلار دىلنى تەڭداشسىز دەرىجاتتا.

كۆز يۇمسا ئەگەر بىچاغ يىغلايدۇ زېمىن، تاش، تاغ،
ئۇنىڭسىز يەر جاھان ئۆلدى، دەپ قايغۇ ـ سۈكۈناتتا.

ئۇستاز دەپ ئاتالغان نام ئىنسانغا شەرەپ ـ ئىكرام،
كىم ئالسا ئۆتەر ئۆلمەي چىن ئىنئان ـ مۇكاپاتتا.

1987 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى

## ئىتتىپاقلىق ناخشىسى

سۆيۈملۈك جان ئانا تۇپراق ـ ۋەتەننىڭ مەنكى ئەۋلادى،
ئەزىم تارىمچە شاۋقۇنلۇق دىلىمنىڭ ئىپتىخار ـ شادى.

ياشايمەن ئەقلۇ ـ بارىمنى ئىناق ـ ئۆملۈككە بەخش ئەيلەپ،
ئۆمۈرلۈك بۇ مېنىڭ كۆڭلۈم مۇرادى ـ مەقسىتى بادى.

غەرق بولساممۇ شۇل يۈكسەك نىشان دەرياسىدا ھەتتا،
بىھاسىل كۆڭلى ـ كۆكسۈمنىڭ تىرىچە نالە ـ پەريادى.

گويا ئاش ـ نان، قۇۋۋەت ـ بىرلىك، نەپەستە بەكمۇ ئېھتىياجلىق،
ئۇنىڭسىز زەررە خۇشلۇق يوق (تېپىش تەس تىركىشىپ زادى.)

«راۋاج تاپمايدۇ بۇ مىللەت» دېيىشتى ئەجنەبى ياتلار،
ئۆگەتتى بۇ ھاقارەتلىك لەقەمنى قايسى ئۇستازى.

ئۇنىڭ تۇپ يىلتىزى تارىخ بايانى ـ ھۆكۈمدە زاھىر،
تىنىمسىز ئاۋۇغان تەپرىق ـ نىزا مەھسۇلى، مۇڭ دادى.

ئۇرۇشقاق قايسى ئەل ـ مىللەت جاھاندا تاپتى نە شۆھرەت،
نە شۆھرەت، ئاشتى ئەكسىنچە گادايلىق زارى ـ بەرپادى.

ئېسىل ئارمانغا يەتمەكنى كۆڭۈل ـ كۆكسىگە پۈككەننىڭ،
دىلىدا گۈل ـ چېچەك ئاچسۇن ئىناقلىق ئىشقى ئىسيادى.

ئۆزۈمگە ئەيلىدىم ئەھدى، بولۇشنى مەنمۇ باغرىمدىن،
ئاشۇ ئۆملۈك ـ ئىناقلىق ھەم شېرىننىڭ يارى ـ پەرھادى.

مۇقەددەس بۇ ئانا تۇپراق ـ زېمىن قوينىدا كۆكلەيدۇ،
ئۇيۇلتاشتەك ئىناقلىقنىڭ سۇباتى ئارچا، شەمشادى.

1986 ـ يىل

## جەڭچى قەسىمى

يېنىڭغا گۈلنىگار ئايىم ئۇچۇپ كۈندە باراي دەيمەن.
قېنىپ شېرىن ۋىسالىغا كۈلۈپ شادىمان ياناي دەيمەن.

لېكىن جانان ساڭا بەرگەن مېنىڭ پاك سۆيگۈ، ئەھدىم بار،
ئادا قىلماي تۇرۇپ بارسام، يۈزۈڭگە نە قاراي دەيمەن.

شۇڭا مەن پوستا مەلئۇنغا لاچىندەك تىكىلىپ ھوشيار،
قېلىن قار، مۇز، ئېگىز تاغنى ئۆيۈم ئىسسىق، ساراي دەيمەن.

«مېنى ئۇنتۇدىغۇ يار» دەپ كۆڭۈلنى بۇزمىغىن زىنھار،
قىلىشقان ۋەدىگە لايىق شەرەپ ـ شانلار قۇچاي دەيمەن.

سېنىڭ ۋەدەڭ ـ مېنىڭ ۋەدەم ۋەتەن دەپ تەڭ كۆيەرمىز بىز،
ۋەتەنگە چىن ساداقەتتىن تويۇمدا گۈل تۇتاي دەيمەن.

1986 ـ يىل

## ئەلنىڭ چاۋىكى ـــ ئەلنىڭ يۈرىكى

چاۋاكلار ياڭرىدى زالدا شەرەپ ـ شان گۈلىنى تاقىسام،
ھالال تەر ـ تۆھپە، ئەجرىمنىڭ لەززىز قەنت بەھرىنى چاقسام.

ھاياجان، شادلىقىم ئۇرغۇپ ئىچىمگە سىغمىدى شۇ دەم،
تىكلىگەن شوخ، ئوماق ئۆسمۈر ئۇمىدلىك كۆزىگە باقسام.

ئەزەلدىن يار، چاۋاك مۇشكۇل كۈرەشتە غەلىبە قۇچقانغا،
چاۋاكلار ياڭرىغاي مەڭگۈ جىمى ئەل قەلبىگە ياقسام.

چاۋاك ئەل ـ ئاممىنىڭ قەلبى، مېنىڭ ھەم ھۆرمىتىم، پەخرىم،
شۇڭا يوق ھەسرىتىم، ئەل دەپ جاپا دەرياسىدا ئاقسام.

چاۋاكلار شاۋقۇنى ھەر دەم مېنى ئۈندەيدۇ ئۆرلەشكە،
ئۇ چەكسىز كۈچ، ئىجاد ـ تۆھپە كۆكىدە شاد قانات قاقسام.

1985 ـ يىل

## تامايىم يوق ساخاۋەتتىن

تامايىم يوق ساخاۋەتتىن ۋە تەييار ھالاۋەتتىن،
ئۈمىدىم ئىزلىمەك ھەر دەم بەخت بايلىقىنى، مېھنەتتىن.

«جاپانى كىم تولا تارتسا گۆھەرنى شۇ ئالۇر تاشتىن،»
ئۈنىڭ دىل ـ كۆڭلى شاد، خالى ساناقسىز غەم نادامەتتىن.

بىمېھنەت قولغا كەلگەن نەپ توزۇيدۇ كۆل كەبى چاپسان،
كىشىگە ھەر دەمى يوللاپ نېسىۋە رەنجۇ ـ كۈلپەتتىن.

تاماخورلۇق يولىدىن يان، سۈرەر بولساڭ ھالاۋەتنى،
ئۈنىڭغا بولسا كىم بەند تۇگەشكەي ئۆمرى زەخمەتتىن.

ھالالدىن ئاش ـ ئۇماچ ئىچسەڭ ھەسەل بىل قادىرى ھەر چاغ،
ئۇ، تەن ـ جىسمىڭغا كۈچ ـ قۇدرەت، ئۇشۇق شاھانە ئىشرەتتىن.

1985 ـ يىل

## ساقلىق ـــ قىممەتلىك

تەن سالامەتلىك جىمى ئىنسان ئۈچۈن قىممەت قەۋەت،
قىممىتى زەردىن ئۇشۇق بايلىق ئىبىل، ئىشرەت قەۋەت.

تەندۇرۇس جان بولسىلا دۇنيا دىگەن قولىنىڭ كىرى،
تاپقۇسى ھەر كىم ئۇنى قىلسا ئەگەر غەيرەت، قەۋەت.

نەچچە يۈز مىڭ يىل بۇرۇن ئالدىن كۆرەر ئەجدادلىرىم،
ئەڭ دۇرۇس ئىيتقان: ئەزىزدۇر بولسا جان ـ نىمەت، قەۋەت.

«ياشلىقىم، پاشالىقىم – بەڭباشلىقىم» دەپ نەش چىكىپ،
مەي ئىچىپ تەننى زەئىپ ئەيلەش ئىنىق زەخمەت، قەۋەت.

ئى، يارەن ـ دوست ئۆيلىغىن ئۆمرۈڭ باھار، قىش، يازىنى،
گەر بىمار بولساڭ سىنى كىم قىلار ئىززەت قەۋەت.

بولمىسا ئەھلى ۋاپا، مىھرى باھاردەك غەمگۇزار،
تاشلىبان يات، يوللىغاي كۇندە ساڭا ھەسرەت، قەۋەت.

دەيدۇ: شۇ چاغ ئاغرىغان، «كۆز يۇمۇپ ئۆلگەنمۇ خوپ»،
بەرمىسۇن ئۆمرۇمگە تەڭرىم ئەمدى ھىچ بەرىكەت قەۋەت.

شۇندىمۇ ئالەمگە تويماي كۆزلىرىڭ ھەريان باقار،
تەن ساقلىقنىڭ قەدرى ئايان بولغاي ساڭا ھەررەت، قەۋەت.

بۇ لەزىز ـ تاتلىق، ۋەيا ئۇ ھەممىدىن قىممەت دېمە،
قىممىتىدىن ـ قىممىتى ساقلىق، ساغا پۇرسەت قەۋەت.

قىل كۇرەش ساقلىق ئۇچۇن، ساقلىقىڭ بار، ھەممە بار،
يەتكۇزەرسەن شۇندىلا ئەلگە كۆپ مەنپەئەت قەۋەت.

1985 ـ يىل

## ئىمتىھان

ھاياتتا ئىمتىھان نۇرغۇن قەدەمدە دۇچ كېلەر ئىنسان،
تەرەددۇت قىلمىسا ئالدىن تاپالماس شۇ زامات ئىمكان.

رىيانىڭ لەشكىرى تۇشتىن ئېتىلسا مىسلى ھەيۋەتتە،
ئۇنىڭ ئىسكەنجىسى قاتتىق بۇزۇلماس ئىستىھكام ـ قورغان.

ئىشتسە ئىمتىھان نامى ـ ئېتىنى كاتتا زاتلارمۇ ـــ
بېشىنى چايقىشىپ شۇئان دېيىشكەن: نە قىلاي، ۋايجان!

قىلالماس ھۆددە ھېچكىممۇ ئۆتەلەيمەن ئۇنىڭدىن دەپ،
ئۇ بولسۇن بىر غېرىپ ـ سەرسان ۋەيا ئالىم، بۇيۇك سۇلتان.

ئۇنى ھەم بىلمىسە قادىر دېمەستى ئىمتىھان مۇشكۇل،
ئاگاھ بول ئاق كۆڭۇل ئىنسان، سېنى ئۇقىلمىسۇن ۋەيران!؟

1988ـ يىل، قاراماي

# مۇخەممەسلەر

## ۋەتەن مۇھەببىتى

ۋەتەن كۆكلەم ـ باھار يازدەك گۈزەل ـ كۆركەم دىيارىمدۇر،
قاقاس چۆل، جاڭگىللى ئاۋات بېھىشتىن چارە باغىمىدۇر،
ياشايمەن ھۆر ـ پەرى ياڭلىغ خۇشاللىق ئەۋج چاغىمىدۇر،
قاياقتىن كەلسە قۇم ئاپەت، بورانغا دالدا تاغىمىدۇر،
شۇڭا دىلدا ئۇلۇغ گۈلخان ۋەتەنگە ئىشتىياقىمدۇر.

ئەزىز ئەل جان ئانام تەڭسىز ۋاپادار، مېھرىبان، ئامراق،
تۇمەن تارىم سۈيى پۈتمەس ماڭا ئاق سۈت بىلەن قايماق،
ئېمىپ سۈت باغرىدا ئۆستۈم ئۇنىڭغا مەن بولۇپ مۇشتاق،
مۇھەببەت رىشتىمىز خۇددى بىرىككەن چىلىك ئۆرۈش ـ ئارقاق،
ئانامنىڭ مېھرىدىن ھەر ۋاق مېنىڭ ئويناق ھاياتىمدۇر.

ئەگەر ئالتۇن دېسەم شەكسىز، قىلار كەملىك ئۇنىڭ ئەجرى،
تۇمەن، مىليون دېگىز ـ ئوكيان ماڭا ئەل شەپقىتى ـ مېھرى،
مانا رەڭدار چېچەك ئاچتى باھارىمنىڭ گۈزەل دەۋرى،
باھارسىز شەپقىتى بىرلە يېتىلدىم بوپ ـ تىمەن سەۋرى،
كۆيۈمچان ئەل ئانام ئامراق ئۆمۈرلۈك باشپاناھىمدۇر.

سائادەت قوينىدا ئەركىن بەختىنىڭ پەيزىنى سۈرسەم،
ۋەتەنسىز كەلمىگەن بەختىم دېبان ئويلايمەن يول يۈرسەم،

ۋەتەن تىنچ، مەنمۇ تىنچ، خۇرسەن ئۇنىڭ شاد كۈلكىسى - كۈلكەم،
شۇڭا دەيمەن پىدا ئەيلەپ جېنىمنى بەختىچۈن بەرسەم،
ئۇنى چەكسىز شەرەپ بىلمەك دىلىمدا ئوت خۇمارىمدۇر.

1985 - يىل

## ئوخشاش
(ئابدۇللا ياقۇپ غەزىلىگە)

دىيارىم سەن ماڭا خۇددى ئىپار - رەيھان بىلەن ئوخشاش،
بېلىقتەك شۇڭغىسام باغرىڭ دېڭىز - ئوكيان بىلەن ئوخشاش،
چىرايىڭ شۇ قەدەر رەڭدار چىمەن، بوستان بىلەن ئوخشاش،
ۋەتەن باقسام جامالىڭغا كۆزۈم چولپان بىلەن ئوخشاش،
يۈرەكلەردە سېنىڭ ئىشقىڭ تاشار فونتان بىلەن ئوخشاش.

سېنىڭدە يات ماڭا غەم - دەرد ياشايمەن يەپ ئىچىپ بەگدەك،
قىران بەستىمگە خوپ ئوبدان ياراشتى يىپيېڭى يەكتەك،
كېلەچەك ئارزۇيۇم - غايەم جۇلالاپ چاقنىدى كۈندەك،
گۈزەل قوينۇڭدا چوڭ بولدۇم تېپىپ سەندە ئەقىل - ئىدرەك،
هاياتىم گۈللىدى سەندە يېشىل بوستان بىلەن ئوخشاش.

تۇرار شۇ تاغلىرىڭ مەغرۇر قۇچاقلايمەن ئۇنى قانماي،
شامالىڭ جانغا جان قوشسا نىچۈن مەن ئوت بولۇپ يانماي،
تېشىڭ ساپ بىباها ئالتۇن قارايمەن زوقلىنىپ هاي - هاي،
ئاقار دەريالىرىڭ گويا ئېلان باغرى بولۇپ تىنماي،
سۈيۈڭنىڭ قەترىسى شەربەت تومۇردا قان بىلەن ئوخشاش.

مۇقەددەس تۇتىيا تېنىمسەن جانۇ ـ جانىمسەن،
ۋەيا سەن جەننىتىم، تەختىم، غەزىنەم، مالۇ ـ بارىمسەن،
زېمىندا تەڭدىشىڭ ھېچ يوق، غۇرۇرۇم، ئىپتىخارىمسەن،
ئانامسەن، غەمگۇزارىمسەن، يۆلەنچىم، كۈچ ـ مادارىمسەن،
سېنىڭچۇن ئىشلىمەك بەختىم تېنىمدە جان بىلەن ئوخشاش.

ئەزەلدىن خەلقىمىز بۇلبۇل تىلىدىن دەم تامار ناخشا،
مۇقام بىزگە گويا زەردىن زىيادە ئېتىبار ناخشا،
يۇسۇف، مەھمۇد، ناۋايىدەك تەۋەررۇك تىلتۇمار ناخشا،
كى يازسام مەن سېنى كۈيلەپ، يېقىملىق بىغۇبار ناخشا،
ئۇنىڭ يۈكسەكلىكى مىليون غەزەل ـ داستان بىلەن ئوخشاش.

1985 ـ يىل

## نامەرد
(ئابدۇكېرىم مەخسۇت بۇلبۇل غەزىلىگە)

خۇشامەت، مىكرى، پەسلىكنى كەسىپ ھەر ۋاق قىلۇر نامەرد،
ئۇنى پاك دىل قەلىبداشقا توپان ـ توزاق قىلۇر نامەرد،
ھوقۇق، شۆھرەت ئۈچۈن چىن يار، ئىناقنى تاق قىلۇر نامەرد،
سېتىپ نومۇسنى ـ ۋىجداننى قارانى ئاق قىلۇر نامەرد،
يۈزى داپلىق بىلەن ھەر ئان بۇزۇقنى «ساق» قىلۇر نامەرد.

ساڭا ئۇ ساختا دوست، ھەمراھ تەبەسسۇم چېھرىدە ۋىل ـ ۋىل،
ۋە بەزى دىلكار يەڭلىغ كۆزىدىن ياش تۆكەر غىل ـ غىل،
نەزەر سال توغرا خىسلەت يوق تەكەللۇم، ھەرىكىتى ھەر خىل،
شېكەر تامسا تىلىدىن گەر، زەھەر قايىنار ئىچىدىن بىل،
تۇخۇمدىن تۈك ئۇندۇرۇپ تۈكنى تىكەندىن باغ قىلۇر نامەرد.

تۆراركەن ئەھد ـ قارارىدا كىشى كەم بولسا مۇستەھكەم،
لېكىن نارمەدتە يوق ئۇنداق ئېسىل روھ ئىزلىسەڭ ھەردەم،
ئۇ، دەم پايلاقچى كۆپ ئىشتا شۇ ۋەجىدىن سەن بىلەن دەرقەم،
ئىچەر بولساڭ يۇتۇم مەيىنى ئاڭا ئۇلپەت بولۇپ ھەمدەم،
ئۆمۈرلۈك قايغۇ ـ كۈلپەتكە سېنى ئورتاق قىلۇر نامەرد.

بېشىڭغا دەرد ـ ئەلەم كەلسە قاراپ تۆت يانغا ئوڭ ـ سولغا،
مېھرىدىن ياغدۇرالماس ئوت چۇشەر شادىيانە ئۇسسۇلغا،
ياساپ كۆڭلۈڭنى ئۇچراتسا ئەقلىڭنى دىلغۇلغا،
ئېزىتقۇلۇق بىلەن ھەريان سېنى باشلاپ تۇيۇق يولغا،
سېلىپ ھەر كويغا، ھەر ئويغا سېنى تانغاق قىلۇر نارمەد.

يولاتما يانغا نامەردتەك لەئىن شەيتاننى، ئاپەتنى،
بىخۇدلۇق دامغا چۇشسەڭ سالار دەردنى ـ قىسمەتنى،
ئۆزەڭگە مەڭگۇ يار ئەيلە گۇزەل ئەخلاقنى ـ خىسلەتنى،
سۆكۇشتىن توختىما بۇلبۇل يامان ئادەتنى ـ ئىللەتنى،
ئەجەبلەنمە، قىلىپ بوھتان سېنى ھەم زاغ قىلۇر نامەرد.

1983 ـ يىل، قەشقەر

## ھەسەتخورلۇق

ھەسەتخورلۇق دۇشمىنى پاك ـ دىل قەلبىنىڭ، ياخشى ئەخلاقنىڭ،
رەزىللىك دەستىكى ھەر چاغ زىيا، شۇملۇقتا ئامراقنىڭ،
ھەزەرسىزگە يېتىپ تۇرغاي ئازارى يولدا يانتاقنىڭ،
ھەسەتخور شۇبھىسىز توسقۇن ـ خەترى ئالغا باسماقنىڭ،
قىلىپ چوڭ ئىختىرا ئەلدە يېڭى تۆھپە ياراتماقنىڭ.

ھەسەتخورنىڭ ئىچى بەك تار ئىچىدە ئوۋغا قايىنايدۇ،
ئۆزىدىن كىمكى سەل ئۇستۇن ئىكەن كەينىدە قاقشايدۇ،
تۇخۇمدىن ئۇندۇرۇپ تۈكنى يۈزى ئەسلا ئۇيالمايدۇ،
بىراۋنىڭ تۆھپە، شان ـ شۆھرەت ئىجادىغا چىدالمايدۇ،
بولۇر ئۇ كويىدا كۈن ـ تۈن كىشىگە ئورا قازماقنىڭ.

نادانىنى تاپسا سۆزلەيدۇ ئىتىپ مىڭ ـ مىڭ تاغار پو ـ لاپ،
ئۆزىنىڭ شەنىگە تەھسىن ئوقۇپ، ئەپتىنى پەردازلاپ،
نومۇس ـ ۋىجدانىنى بىلمەيدۇ ئۇنىڭدا قىلچە يوق ئىنساب،
ھوقۇق ـ مەنسەپ ئۇچۇن ھەر يان چېپىپ قاترايدۇ پايپاسلاپ،
ئۇنىڭدا ئەسلا يوق ھەتتا قەدىر ـ ئېتىبارى قاسراقنىڭ.

ئوچۇق ـ ئاشكارە، كەمتەرلىك، پەزىلەت ئىزلىسەڭ چىقماس،
ئۆتەي دەپ قان ـ قېرىنداشتەك يېقىنلاشساڭ قاچار ـ يۇقماس،
قەدەمدە ياخشىلىق قىلساڭ، مېنىڭدىن قورقتى دەپ ئۇقماس،
رەشكتىن تۇغدۇرۇپ پىتنە ـ پاساتنى ھېچ تىنىم تاپماس،
يايار ئابرۇي تاماسىدا تورىنى مىكرى ـ قىلتاقنىڭ.

دەۋرگە يۈك ـ بىھەد ئارتۇق بۇ يەڭلىغ ئەھلى يالغانچى،
ھالاكەت مەنزىلىن بويلاپ ئۇزار ماڭغانچى ـ ماڭغانچى،
ئىناق ـ ئۆملۈك زېمىنىدىن كۆكەرتمەي يەرنى ئالىقانچى،
ئېلىپ ئەل قارغىشىن ئۆتكەي كۆزى تويماي قىزارغانچى،
كۆيەر ئۆلمەي تۇرۇپ ھەتتا چۇشۇپ ئاستىغا دوزاخنىڭ.

ئوقۇيلى قەھرلىك نەپرەت ھەسەتخور، پەسكە، شەيتانغا،
غەزەپ گۈلخانىغا تاشلاپ سالايلى ئەمدى ۋايجانغا،

قىلىپ دەفنئى گۆرۈستانغا، يېتەيلى ئارزۇ ـ ئارمانغا،
ئىناقلىق كۈچ ـ كۈرەش بىرلە ئورايلى ئەلنى بوستانغا،
شەرەپلىك پارتىيەم رولىنى تۇتۇپ ماڭغاچقا قولۋاقىنىڭ.

1986 ـ يىلى

## لۇتۇنغا
(مۇسەددەس)

ئوت يۈرەك شائىر لۇتۇن خەلقىڭگە يار، دىلداش ئىدىڭ،
سەن مېھرى ـ ئىشقىڭ ئەزىم، دەريا ـ دېڭىزدەك شاش ئىدىڭ،
ئەر ئۇچۇن جەڭدە قىران بۆركۈت ئىدىڭ، يولباش ئىدىڭ،
تۇن خۇمار مەلئۇنغا ئۆچ، كۆكسىگە ئوق، نەق تاش ئىدىڭ،
نى ئېغىر ـ مۇشكۈل خەتەردىن قورقمىغان مەرد، ياش ئىدىڭ،
شۆھرىتىڭ ئۆچمەس گويا يۇلتۇز ئىدىڭ، قۇياش ئىدىڭ.

سەن شۇڭا ئەيلەپ خىتاب: ۋەتەن ـ خەلق ئەلا دېدىڭ،
جانىجان ياردىن كېچىپ، جانان ۋەتەن ـ رەنا دېدىڭ،
ئەل ئېقىل ـ ئىدرەككە باي بەرنا دېدىڭ، دەنا دېدىڭ،
ھەممە يەر ـ يۇرتتا يېتىم، مەزلۇمغا مەن ھەمراھ دېدىڭ،
دەردكە دەرداش، خۇشاللىق ئۇنىڭگە ئۇنداش ئىدىڭ،
ھەرقاچان پۇقراغا ئەل ـ سىرداش ئىدىڭ، مۇڭداش ئىدىڭ.

سەن تالانت بابىدا جۇش ئۇرغان بۇلاق، قاينام ئىدىڭ،
كىبىردىن زىنھار يىراق قەلبىڭ سۈزۈك ساغلام ئىدىڭ،
ئەھلى پەن دانىش ئىدىڭ، مۇئەررىخلەرگە سەن چىن رام ئىدىڭ،

سۆز بىلەن تۆھپەڭدە تەڭ ئەلگە مەدەت ـ ئىلھام ئىدىڭ،
سەن دېمەك پەن ئىشقىدا ياشنىغان جوغلوق، ئوتقاش ئىدىڭ،
كۆيچىمىز بۇلبۇل ئىدىڭ، رەققاس ئىدىڭ، نەققاش ئىدىڭ.

ئارزۇيۇڭ ـ غايەڭ يورۇق ئايدىنمۇ ئاق، ئاپپاق ئىدىڭ،
تاغ ـ داۋان ئاشماق ئۈچۈن روھ ـ خىسلىتىڭ قايناق ئىدىڭ،
يازغىنىڭ زەردىن ئېسىل، ھەربىر سۆزۈڭ چاقماق ئىدىڭ،
سەن ئىدىڭ ئەلنىڭ تىلى، خەلقىم ساڭا ئامراق ئىدىڭ،
ھەممە، ھەر مىللەت ئۈچۈن مېھرىڭ باھار ئوخشاش ئىدىڭ،
بىر نىيەت ـ مەقسەت بىلەن ماڭغان ئىجىل سەپداش ئىدىڭ.

بەدنىيەت ياۋ، نەۋقىران ئۆمرۈڭگە قەست قىلدى قەۋەت،
زەي، سوغۇق زىندان ساڭا كار قىلدى بىرلا، بىر پەقەت،
جادۇغا باسقاندىمۇ ھېچ كۈتمىدىڭ ياۋدىن مەدەت،
بەلكى تىك، مەغرۇر تۇرۇپ قىلدىڭ كۈرەش ئاخىرقى رەت،
چۈنكى سەن ئالىي تىلەكلىك خەلقىڭگە ئەل ـ قاياش ئىدىڭ،
ھەر قىيىن قىستاققىمۇ باش ئەگمىگەن، قورباش ئىدىڭ.

تۆت رەزىل مەلئۇنمۇ ھەم: «مىللەتچى، ئۆز باش» دېدى،
قاپ ـ قارا تۆھمەت بىلەن ئون نەچچە يىل بىلجىرلىدى،
مەقسىتى نامىڭنى تەرك ئەتمەكنى بىردىن قەستلىدى،
ئۆچمىدى نامىڭ پەقەت ئەلمۇ بۆلەكتىن يادلىدى،
سەن ئۆزۈڭ ئەل قەلبىنىڭ تۆرىدە يولداش ئىدىڭ،
ئەل بىلەن تەقدىر ـ نىشانەڭ ئاجرىماس قانداش ئىدىڭ.

ئەي لۇتۇن كۆتكەن گۈزەل ئارزۇيۇڭ سىنىڭ ئاچتى چېچەك،
شۇ ئەزىز قەبرەڭدە تىنچ ياتقىن ئەبەد پەرىشتىدەك،

سەن كەبى ئەلنى قىنىق گۈلگە بىزەش بىزنىڭ تىلەك،
شۇ تىلەك ـ ئىقبالنى دەپ سوقماقتا شوخ ئوتلۇق يۈرەك،
ئۆرلىسە جەڭدە يەنە بولساڭ تىرىك ياندىش ئىدىڭ،
بىز سىنى ياد ئەيلىدۇق زەپمۇ بۈيۈك قولداش ئىدىڭ.

1986 ـ يىل 12 ـ ئاي

## يۈكسەل
(مۇۋەھشاھ)

نەزمە قاتتىم تەرىپىڭگە دۇر قىزىپ سۆز كانىدىن،
(ھەسرىتا، بەكمۇ خىجىلمەن، بۇ تىلىم، ئىمكانىدىن).

ئىچ ـ ئىچىمدىن ئالقىشىم ئاقتى ساڭا ئىختىيار،
كۆپلۈكى شەكسىز ئۈنىڭ، ماي چەشمىسى فونتانىدىن.

پاھ، ئەجەب ئۆستۈڭ تىمەن ئوتتۇزغا توشتى دەل يېشىڭ،
سەنمۇ تۇر ئالدىڭ گېزىت ـ ژۇرنال قاتارى سانىدىن.

ئىزلىسەم ھەر چاغدا مەن ھىكمەت، ھاياتتىن، يول، نىشان،
شۇ ھامان بەردىڭ ئۈچۈر ـ سىرلار تېگى ـ پىنھانىدىن.

تەمتىرەپ قالمايمەن ھېچ كەسپىمگە ئائىت نەرسىدىن،
مەن يىراق، رايىم يىراق ئۈچسىز خىيال ئوكيانىدىن.

گۈلچىمەن ھەر قۇر ـ بىتىڭ قىلماقتا مەپتۇن دىلنى ھەم،
بەسلىشىپ بولدى ساڭا مۇشتەرى ـ مېھمانىدىن.

ئېھتىياجىم سەن مېنىڭ كۈندە كېرەكلىك ئاش، ھالۋا،
سەن كېپىل ماي ئىز لىسەم چۆللەر كېزىپ ھەر ياندىن.

زېھنى كۈچ، كۆز، نۇر ئۆزۈك ماي ئاشىق ـ نېفىتچىگە،
دەممۇ ـ دەم ئۆتمەكتىمىز نى ـ نى خەتەر ئىمتىھاندىن.
ئىشتىياق يالقۇنلىغان قەلبىمدە ئۆچمەس بىر ئۆمۈر،
سەنمۇ ماڭ تەمىن ئېتىپ پۈتكۈل جاھان باياندىن.

تېخىمۇ يۈكسەل يەنە مەنزىل تامان ھالقىپ داۋان،
شۆھرىتىڭ ئالسۇن ئورۇن ئەل قىسسىسى ـ داستاندىن.

ئىختىرا، ئەجرىڭ قورالى ـ تىل، سىياھ، قەلەم بىلەن،
غالىبانە خۇشخەۋەر ياغدۇرار شەرەپ ئاسماندىن.

1987 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى

# چاتما شېئىرلار

(ۋەتەن كويى)

## شېرىن سۆز

ھەسەلنى كۆپ يېسە تېتىيدۇ ئەمەن،
بىر سۆزنى كۆپ دېسە ياقمايدۇ جەزمەن.
ۋە لېكىن بىر سۆز بار قىممىتى ئۇلۇغ،
چاقنايدۇ قۇياشتەك نۇر تۆكۈپ روشەن.

ھەر قېتىم ئاڭلىسام سېزىمەن ئۇنى،
يەنىلا يېقىملىق يېپيېڭى شېرىن.
ئۇ ياڭراق، مۇقەددەس «ۋەتەن» دېگەن سۆز،
ئۇنىڭسىز ھاياتىم توختار نەپەستىن!

## ۋەتىنىم - ئانامسەن

ۋەتىنىم جانىجان ئانامسەن تۇغقان،
سۈت بېرىپ مېھرىڭدە ئاسرىغان، باققان.
يىغلىسام تۇنلەردە قوپۇپ ئەللەيلەپ،
ئاتەشتەك باغرىڭنى باغرىمغا ياققان.

باغرىڭدا يايرىدىم، ئۆستۈم شاد - خۇرام،
كۆزۈمگە شەبنەمدەك قونماي بىر تال نەم.
تۆت پەسىل قوينۇڭدا ئىللىدىم ئوخشاش،
ھەممىدىن ئارتۇقكەن مېھرىڭنى بىلسەم.

شەرقتىن ئۆرلىسە قۇياش پارقىراپ،
ئىللىيدۇ تەبىئىيلا بىر مەھەل ئەتراپ.
قىش كەلسە سوغۇق جۇت ھۆركىرەپ دەرھال،
كېتەركەن يەر مۇزلاپ، ئادەممۇ توڭلاپ.

ۋەتىنىم گۈل باغرىڭ ھەرقاچان ئىللىق،
ئىللىتار تەن بىلەن دىلنى داۋاملىق.
سەن شۇڭا ئانامسەن قەلبىم سۆيۈنگەن،
ئالەمدە تەڭداشسىز قۇياشتىن ئىللىق.

ھېسابسىز ئەجرىڭنى ئاقلىماق تولۇق،
مەن ئۈچۈن ئۆمرۈمدە ئۇلۇغدىن - ئۇلۇغ.
ساداقەت ئىسمىلىك باتۇر ئوغلۇڭمەن،
جان تىكىپ ئاقلايمەن بەرسەڭلا بۇيرۇق.

1985 - يىل

## روھىم سەن ۋەتەن

روھىم سەن ئەي ۋەتەن، گۈلشەن ۋەتەن،
مەن ساڭا دىلداش ۋەتەن، بىر تەن ۋەتەن.
سەن بىلەن كۆڭلۈم باھار، چېھرىم ئانار،
ياشلىقىم، ئۆمرۈم ناۋات - گۈلقەنت ۋەتەن.

روھىم سەن ئەي ۋەتەن باتۇر، چېچەن،
غەيرىتىم تاغدەك، تېنىم ساغلام تىمەن.
ئوت ساڭا، گۈلخان ساڭا قەلبىم مېنىڭ،
قار، سوغۇق، مۇز تاغدىمۇ دەيمەن چىمەن.

رەھىم سەن ئەي ۋەتەن باقتىم كۆلۈپ،
مەن تۆمەن يۇلتۇز بولۇپ، كۈندۈز بولۇپ.
سەنمۇ نۇر چاچتىڭ يورۇق ئايدەك يورۇپ،
بىغۇبار ئالتۇن بولۇپ، يالقۇن بولۇپ.

رەھىم سەن ئەي ۋەتەن باقتىڭ مېنى،
ئەتىۋارلاپ گۈل قىلىپ تاقىدىڭ مېنى.
مەن ئۆچۈن بەردىڭ بەھىر ھەر چاغ تۆگەل،
مەن ئۇنى ئاقلاي، سىنا جەڭدە مېنى.



# ھۆرمەت قىسسىسى

## مۇقەددىمە

مەن كۆرۈپ چۆللۈكتە شانلىق ئىزىڭنى،
چىن ئىكرام چەشمىسى بولدۇم بۇلدۇقلاپ.
كۆي قاتتىم مەن ساڭا قەلبىم قېتىدىن،
بىباھا ئەجرىڭنى چەكسىز ئۇلۇغلاپ.

ئەي چىۋەر بىناكار ئەيلىگىن قوبۇل،
بىغۇبار كۆڭلۈمدىن ئېيتقان كۈيۈمنى.
قۇربىمنىڭ بارچە تىزدىم قۇرلارغا،
يالقۇنلۇق مېھرىمنى، ھۆرمەت سۆيگۈمنى.

## ھۇل

قازىسەن تاشلىقتا كۈندە جوتۇدا،
بىنانىڭ ھۇلىنى تىرەن كەڭ ئويۇپ.
قەلبىڭدە مېھنەتكە ئىشقىڭ مىڭ دەريا،
ئاقىسەن ئازگالغا لىقمۇلىق تولۇپ.

چىڭ دېسەم تاشلارنى، تاشتىن زىيادە،
قاتتىقكەن غەيرىتىڭ، قايىلمەن شەكسىز.
بىنادا ھۇل ئەزىز، ھۇلسىز بىنا يوق،
سەنمۇ شۇ ھۇل گويا ئەلدە — ئەڭ ئەزىز.

## خىش

بىنانىڭ گەۋدىسى دانە ـ دانە خىش،
ئاۋايلاپ تىزىسەن، يوقتۇر زېرىكىش.
ئۇچرىساڭ خىشتىن كۆپ جاپاغا كۆندە،
تېپىلماس سىنىڭدىن زەررە تېرىكىش.

كۆمۈشتەك ساپ ئەجرىڭ ئاقىدۇ ئەلگە،
توختىماي نۇرانە ماڭلاي يۈزۈڭدىن.
كۆرىمەن خىش تىزغان چاغدا تۇمەنمىڭ،
لاچىنىنىڭ كۆزىنى ئوتلۇق كۆزۈڭدىن.

ئىشلەيسەن، هارمايسەن كېچەيۇ ـ كۈندۈز،
شۇ ئۇلۇغ پىلاننى كۆندە قوش قاتلاپ.
ئېيتقىنا لاي سېنى تۇغقانمىكىن ـ تاڭ؟
ئالتۇن —— زەر خىش قىلىپ خۇمداندا تاۋلاپ.

## سېمونت

نى كاتتا، نى ئاددىي بىنا تېمىنىڭ،
راسكارلىق —— لازىمى دېگەندەك ئوخشاش.
تەييارلار ئۈستىكار يېتەرلىك خىش ـ لاي،
سېمونت، سۇ، پولات، قۇم ـ شېغىل، هاك ـ تاش.

چىڭىماس سېمونت بولمىسا بىنا،
بولسىمۇ يان، چېتىق هۇلدا، غولدا.
شۇ چىۋەر، تەلەپكار ئىشچىنىڭ گويا،
سېمونت روهى بار ۋۇجۇد، قولدا.

## تاش

توشۇيسەن ھەر يوغان قورام تاشلارنى،
بىنالار قەد كېرىپ تۇرسۇن ئۇزاق دەپ.
شۇنچە چوڭ قورام تاش بولىدۇ كېسەك —
قولۇڭدا، ئەينەكتەك قىلماي كۈچ تەلەپ.

مەن سېنى كۆرسەملا ئەسلەيمەن شۇ تاپ،
پەرھاتنىڭ بەستىنى چىدام ـ روھىنى.
سەن بۈگۈن بولۇپسەن تاشچى ئۇستىكار،
بېسىپسەن پەرھاتنىڭ ھۈنەر ئىزىنى.

## ئەپكەش

يار ساڭا ئەپكەش يار، قولۇڭ قاپارماس،
كۆتۈرسەڭ ھەرگىزمۇ رەڭگىڭ تاتارماس.
مەيلى تۈن ۋە كۈندۈز، يامغۇر، بوراندا،
يېقىملىق كۈي ـ ناخشاڭ ياڭرار توختىماس.

ئەپكىشىڭ بالدىقى ئىگىلەر لېكىن،
ئىگىلمەي توشۇيسەن تاش، شېغىل لاينى.
كىيىمىڭ كىر لېكىن دىل ـ قەلبىڭ سۈتتەك،
لال قىلار كۆكتىكى پارلىغان ئاينى.

سەن دەيسەن ھەمىشە ھۆرمىتىم ـ پەخرىم،
كەلمىگەن، كەلمەيدۇ، بولمىسا ئەپكەش.
دەۋرىمدە ئىشچاننىڭ يۈزى ئەڭ يورۇق،
مىشچانلار بولالماس مەڭگۈگە دىلداش.

## جا

ياسايسەن بىنانى قات ـ قات ئېگىزلەپ،
سۆيىدۇ مۇنارى ئاسمان ـ پەلەكنى.
شۇنچە تىك، خەتەرلىك جانىڭ ئۇستىدە،
ئىشلەيسەن تاشلىماي ئېسىپ چىلەكنى.

پۇتۇڭمۇ تايمايدۇ، قايمايدۇ بېشىڭ،
دارۋازدەك گويا سەن ماڭىسەن تەمكىن.
سەن تۇرساڭ شادىمان جانىڭ ئۇستىدە،
يەردىكى كىشىمۇ تىنىدۇ ئەركىن.

بىنالار باغ دېسەك گۇللىرى تىك ــ جا،
سەن ئۇندا سايرىغان بۇلبۇل غەزەللىك.
پاراسەت تەدبىرىنى بېرىدۇ ئەلگە،
بىنانى ياساشتا راھەت ـ ئېسەنلىك.

## خا

خا ياسايتتۇق بىناغا بۇرۇن ياغاچتا،
كېسىلىپ تۇگەيتتى يىلسېرى تېرەك.
كۆچەتلەر ۋايىغا يەتمەستە تۇگەل،
سولاتتى ياش تېنى ئاچماي گۇل ـ چېچەك.

سەن بۇگۇن ياراتتىڭ يېڭى كەشپىيات،
قۇم ـ شېغىل، سېمونتتىن ياساپ جەگە ــ خا.
ئەمدى ئۆي سالساقمۇ ئىزدەپ يۇرمەيمىز،
ياغاچ دەپ بىراۋغا قىلىپ ئىلتىجا.

باغۋەننىڭ ھۆرمىتى تىككەن كۆچىتى،
سىنىڭمۇ باغۋەندەك تۆھپەڭ قىممىتى.
چۈنكى سەن ئاسرىدىڭ ئورمانىنى ـ باغنى،
ئازايدى سەن بىلەن دەرەخ زەخمىتى.

ياسىغان خالىرىڭ پولاتتىن چارە،
دات بېسىپ قۇرۇتمۇ يېمەيدۇ زىنهار.
ساپ ئەجرىڭ ئىسسىق قان سانسىز تومۇرغا،
بىنالار يىقىلماس يۈز يىل، مىڭ يىللار.

## بىنا

سەن ياساپ پۈتكۈزگەن كاتتا بىنالار،
رەڭ قوشتى جاي ـ جايغا ھەتتا سايلىققا.
مىڭ ـ مىڭلاپ ئىشچىلار ياشاپ شادىمان،
تولدۇردى باكقا ماي، ئەلنى بايلىققا.

بىنالار مىسالى بەئەينى ئۆزۈڭ،
باقساملا قەلبىمدە قاينار مۇھەببەت.
ياشايسەن تارىختا ئۆچمەي دىللاردا،
قۇياش، يەر ـ زېمىندەك ئەبەد، تائەبەد.

بىنالار قامىتى ئاجايىپ كۆركەم،
ھاياتقا قوشىدۇ يېڭى روھ ـ مەزمۇن.
چۈنكى شۇ ئىمارەت ئەجرىڭ مەھسۇلى،
شەرىپىم مېنىڭمۇ بولىمەن مەمنۇن.

# نەقىش

بىنالار بەستىگە ئويسەن نەقىش،
گىلەمدەك چاقنايدۇ تامدا ئاجايىپ.
كۆرسىمۇ مانىدەك[1] نەققاشمۇ شۇئان
قالىدۇ ھەۋەستىن ئۈنسىزلا بولۇپ.

خىلمۇخىل نەقىشلەر بىنا زىننىتى،
نە زىننەت بەلكى ئۇ، ئەجرىڭ قىممىتى.
نەقىشتەك جۇلالاپ تۇرىدۇ مەڭگۇ،
ئەلنىڭمۇ ئۈزۈلمەس ئالقىش - ھۆرمىتى.

# خىسلەت

ياسايمەن يىل - يىللاپ سانسىز بىنانى،
پۈتسىلا بىرسەن ساقلىماي نۆۋەت.
ھۈنىرىڭ ھەممىشە بىنا ياساشتۇر،
يېتىشىڭ داق يەردە - لاپاستا ئەبەد.

سەندە يوق جاپادىن قاقشاش نادامەت،
ئىشلەيسەن، سىجىلسەن قاچماي داۋامەت.
سەندە يوق نە تاما، يار ئېسىل خىسلەت،
(سەندە بار مىڭ داستان بولغۇدەك غەيرەت.)

---

① مانى — 216 — 277 - يىللىرى ياشىغان ئىرانلىق نەققاش.

ئۈستىكار، شاگىرتلار بەكمۇ ئىناقسەن،
تىنىمسىز ئىشلەيسەن شۇنچە قايناقسەن.
ئومۇمنىڭ رىسقىنى دەيسەن جانغا تەڭ،
ئاسرايسەن، بۇزمايسەن، ئاق دىل، ئاپپاق سەن.

## ئىستىقبال

تۈنلەردە ئاسمانغا يۇلتۇزلار چىراغ،
سەن بەردىڭ چۆللەرگە جۇشقۇن ھاياتلىق.
سەن كېلىپ ئىز باسقان جايلار گۈلىستان،
كۈلىدۇ ھاياتلىق بالدىنىمۇ تاتلىق.

مەن ساڭا قەلبداش، بولدۇم تىلەكداش،
ئۆرلىگىن شان قۇچۇپ يات بولسۇن توختاش.
جاپانى كۆپ چەككەن كۆرىدۇ راھەت،
سېنىڭمۇ ئىقبالىڭ نۇرانە قۇياش.

## خاتىمە

مەن يازدىم شەنىڭگە نەزمىلەر ئاتاپ،
بۇ پەقەت ئەجرىڭنىڭ بىر تال تامچىسى.
يامغۇردەك ياغىدۇ توختىماي ئەبەد،
قەلبىمنىڭ تەھسىنى ـ ھۆرمەت قىسسىسى.

1986 ـ يىل

# سۆيگۈ خەتلىرى

(1)

يەر تەۋرىتىپ قىدىرىش ئۈچۈن،
كەتكەن ئىدىڭ چۆلگە ئامرىقىم.
ئۈچ ئاي بولدى قايتىپ كەلمىگەچ،
كەلدى ساڭا بىر ئاز ئاچچىقىم.

كۆرەمسەنكىن ۋىسالدىن ئارتۇق،
سەن شۇ نېفىت — ماينىڭ مېھرىنى.
خەت ـ خەۋەرمۇ بەرمىدىڭ بىر رەت،
ئويلاپ قالدىڭ زادى نېمىنى؟

ئۈچۈر بەرگىن لەۋزىڭنى ئۇقاي،
ئىنتىزارلىق ئىشقىم ئاۋۇدى.
مېنى سۆيسەڭ كەلگىنە تېزراق،
دېسەم مېنى ھەسرەت قىستىدى؟

(2)

كۈلۈپ كەتتىم خېتىڭنى كۆرۈپ،
شۇبھىلىنىپ كايىشلىرىڭدىن.
ئاق سەدەپتەك قەلبىڭنى قېزىپ،
قانداق چىقتى شۇ گەپ تىلىڭدىن؟

كۆزلىرىمدىن ئۈچتى مېنىڭمۇ،
خۇشخۇي خۇلۇق، زىبا بويلىرىڭ.
ئۆزگىرىپتۇ ئۆتمەستە پەسىل،
ماڭا ئېيتقان گۈلدەك ئويلىرىڭ.

چۆل كۆكسىدە ئىشلىدىم تىنماي،
كۈندە نەچچە ئالماشتى ئورۇن.
گۈل ـ گىياھسىز سايدا ئاجايىپ،
سۇرلۇك بوران ئاچىدۇ قويۇن.

نەدە بولسۇن ماڭا سەل ئارام،
ساڭا ئاتاپ سالام يازغىلى.
مەن كەلگەنغۇ مەقسىتىم ئېنىق،
يەر تەۋرىتىپ گۆھەر تاپقىلى.

كۆچمە ئۆيگە ـ خانەمگە كەچتە ـ
قايتىپ كېلىپ كۆرىمەن كىتاب.
قىياسىمنى كۆرگەنگە قېتىپ،
تەسىراتلار يازىمەن شۇ تاپ.

كۈتكىن جانان، ئەيلىگىن تەخىر
لەۋلىشەرمىز غەلىبە ئىچىدە.
شۇ بۇ ئويۇم تەكتىگە بىدار ـ
چۆمۈلىسەن كېچە، كېچىدە.

ئۈمىدىڭنى ئەيلىسەم ھاسىل،
مەن بارىمەن كېچىكىپ يەنە.
شادلىقىمنى ئاڭلىساڭ ئەينەن،
ياڭرىتىسەن ئالقىش ـ تەنتەنە.

**(3)**

ئىشلە، تىرىش ئاشقىم — جېنىم،
ئىشقىڭ شۇنداق ئالدىراتقانتى.

مەقسىتىڭنى بەشقولدەك بىلىپ،
ئاچچىقىممۇ يىراققا قاچتى.

ئايان قىلغان سەپەر، ئىشىڭدا،
ماي زاپىسى — مايىنىڭ بۇلىقى.
مەن سۆيىمەن سېنى يەنىمۇ،
بولۇپ ھەمكار تۆھپەڭ ئاشىقى.

**(4)**

ئىلھاملاندىم خېتىڭ روھىدىن،
ئىرادەڭدىن زېمىن تىترىدى.
يەر تەۋرىتىش پىلانىممۇ ھەم،
ھەر نەپەستە ھەسسە سىلجىدى.

سەنمۇ كۆتكىن تەشنا - ئارماندا،
زەپەر قۇچۇپ باراي يېنىڭغا.
مەنمۇ بېرەي ماي بىلەن لەززەت،
سۆيگۈمىزنىڭ جىسمى - جېنىغا.

## خاتىمە

قىز سانايدۇ سائەت - دەقىقە،
ئاشىقىغا تىلەپ ئامانلىق.
ئۆز - ئۆزىگە شىۋىرلاپ دەيدۇ،
پۈتسە تېزراق سىناق پىلانلىق.

ئۇ بارىدۇ مىختەك كۆز تىكىپ،
تاش - تۇپراققا سەپ - سىپىپ تەكرار.

ھۆكۈمىدىن كۈلىدۇ بەزەن،
بولغاندەكلا ئاشىقى ئەسرار.

باشلىق يىگىت موتور يېنىدا،
يەرنى سۈنئىي تەۋرىتىش نىشان.
چىدامىغا بېرىدۇ مەدەت،
شىجائىتى، تەدبىرى ھامان.

ئۈزۈن ئۆتمەي ئالماشتى خەتلەر،
قوش يۈرەكلەر سۆيۈندى ھەردەم.
ئاتا قىلدى قانائەت ـ چىدام،
يۈرەكلەردىن يوللانغان سالام.

1986 ـ يىل

# باغ ئىلھاملىرى

## باغ

باغ گۈزەل، باغقا ھېرىس ھەممە كىشى،
ئەتىياز، ياز، كۈز ـ يېشىل، رەڭسىز قىشى.
ئەمما گۈلباغ ـ مەكتىۋىم تۆكمەس غازاڭ،
كەلسىمۇ سوغ قىش يىلى ھۇشقىرتىشى.

## باغۋەن

باغۋەن باغ پەرۋانىسى ـــ باغۋەن ئۆزى،
(تاڭدىكى چولپان كۈلۈپ باققان كۆزى).
باغۋىنىم ـــ ئۇستاز تىنىم تاپماس قەۋەت،
ھەر كۆچەت يانىدا بار ئۆچمەس ئىزى.

## كۆچەت

باغ جېنى ـ پۈتمەس سۈزۈك، ئويناق بۇلاق،
بەھرىدىن ياشنايدۇ بىخ شاخلاپ ئۇزاق.
زەر كىتاب ـ چەشمە بېغىمنىڭ پەن ـ سۈيى،
ياش كۆچەت شاگىرتلىرىم ئۆسكەن ئوماق.

## مېۋە

قىممىتى باغنىڭ ـ چېچەك گۈل مېۋىسى،
(ئەلگە نە ياقتاي بۆلەكچە نېمىسى).
ئۈمىدىم سەر خىل كۆچەتلەر شاخىدا،
مېۋە بولسا تامچىپ تۇرغان شىرنىسى.

1985 ـ يىلى

# قەترىلەردىن سەتىرلەر

## قەترە

سەل چاغلىماڭ قەترىنى،
ئېچىلدۇرغان ئەتىرنى.
قەترە ئۈچۈن ئەڭ ئاۋۋال،
بەرگەن ئەجىر، مېھرىنى.

## تىرەن مەنبە

زىلال سۇنىڭ مەنبەسى — چەشمە،
چەشمە بىلەن سۆيۈنۈپ كەتمە.
چەشمىلەرمۇ پۇتىدۇ شەكسىز،
(بۇ ھۆكۈمگە پۇت ياكى پۇتمە.)

چەشمىلەردىن تىرەن ھەم ئۇلۇغ،
نىشانىدۇر قەترە مەنبەسى.
سىرغىپ تۇرار زېمىن كۆكسىگە،
ئۇزۇلمەستىن دائىم ئەجىرسىز.

بۇ مەنبەنىڭ تەكتى - تۇۋى يوق،
فونتان كەبى ئوخچۇيدۇ داۋام.
بەركىتىدىن ئەل - يۇرت بەختىيار،
نەپ ھىممىتى يۇرەككە قىيام.

## قەترە تېمىپ ...

تېمىۋەرسە كۈمۈش قەترىلەر،
كۆل بولىدۇ، دەريا بولىدۇ.
دەريا ئەمەس ھەتتاكى تەھقىق،
بۈيۈك ئوكيان ئەھيا بولىدۇ.

قەترە تامدى، قەنت ـ ناۋات تامدى،
ئەلگە پۈتمەس پاراغەت تامدى.
يۈرەكلەرنىڭ تەشناسى قېنىپ،
كۈلكە ياغدى، مىڭ قەۋەت ياغدى.

## قەترىدىن

قەترىلەرنىڭ قۇربى ئەڭ ئايان،
تېشىۋەرسە تاشنى تېشىدۇ.
ئالتۇن باشاق ئۈندۈرمىسىدىن،
ئانىلارمۇ لەڭمەن ئېشىدۇ.

قەترە بىلەن كۈلىدۇ ھايات،
ھاياتلا ئەمەس بەلكى كائىنات.
قەترە بولسا كۆجۈم بولىدۇ،
چۆل باغرىمۇ كاتتا، كارامەت.

## قەترىلەردىن قىيان ياسىدۇق

قەترىلەردىن قىيان ياسىدۇق،
چۆل ـ دەشتلەردە رەيھان ئۈنسۇن دەپ.

گۈپۈلدىگەن خۇش پۇراقلاردىن،
ئەلنىڭ كۆڭلى راسا كۈلسۇن دەپ.

قەترىلەردىن قىيان ياسىدۇق،
پېشانىمىز ئۇنىڭ ئالقىنى.
كۈمۈش قەترە بەھرىدىن پۈزۈر،
ئەنداز ئالدى يۇرتۇم بوستانى.

قەترىلەردىن قىيان ياسىدۇق،
مېھنەت ئىشقى - قىيان شاۋقۇنى.
كان، ئېتىزدا لەرزىگە كەلدى،
ئىشچانلارنىڭ مېھنەت دولقۇنى.

قەترىلەردىن قىيان ياسىدۇق،
قۇرۇتمايمىز زىنھار تائەبەد.
قەترە ئۇچۇن جانلار تەسەددۇق،
قىرغاق سۆيۈپ ئاقىدۇ قەۋەت.

## كۈلىدۇ

قەترىلەردىن گىياھ كۈلىدۇ،
پۈتۈن زېمىن - جاھان كۈلىدۇ.
چىرايىدىن تەبەسسۇم يېغىپ،
مېھنەت سۆيەر ئىنسان كۈلىدۇ.

شېرىن ۋىسال قەترىگە موھتاج،
ئاشىقلارمۇ خۇرسەن، كۈلىدۇ.
جانان كەبى نۇرانە ئىقبال،
لەۋنى يېقىپ ئۇزمەي سۆيىدۇ.

## قەترە ئۇچۇن

قەترە ئۇچۇن جاننى ئاتىمىز،
قەترىلەرگە قەترە قاتىمىز.
قەترىلەردىن چاھار باغ ياساپ،
سەيىر قىلىپ كۆڭۈل ئاچىمىز.

قەترە دەيمىز قەدرىمىز دەيمىز،
قەترە بىلەن ھالال ئىشلەيمىز.
ئۇنىڭ بىلەن ئەلنىڭ قويىنىنى،
مەڭچە قويماي گۈلگە پۈركەيمىز.

## قەترە شەرىپى

زىكرى قىلساق قەترىگە دىلدىن،
قەترىلەرگە قاينار قەسىدە.
كۆي قاتىدۇ تىرىكلەر ئەمەس،
جەننەتتىمۇ ھەتتا نەفىسە [1].

زىكرى قىلساق قەترىگە دىلدىن،
ھەر قەترىنىڭ پۈتمەس تەرىپى.
ئاپپاق ئۇنچە قەترە مەڭزىدە،
ئەمگەكچىنىڭ خىسلەت ـ شەرىپى.

ئەمگەكچىگە قەترىدىن بايرام،
قەترىلەرگە قاينار تەنتەنە.
ئاقۇزىمىز ماڭلايدىن داۋام،
يەرنىڭ يېغى ــ قەترىنى يەنە.

---

[1] نەفىسە ــ مۇقام پېشىۋاسى ئامانىساخان.

# ناخشا تېكىستلىرى

## تىلدا داستان شەرىپىڭ

چۆلدە ئىشلەپ ھارمايسەن،
قەلبى ئوتلۇق بورغىچى.
ۋىشكا يۇمران گۈل شېخى،
ئۆزۈڭ بۇلبۇل، قونغۇچى.

مەزمۇن قىلدىم ناخشامغا،
سېنىڭ ياڭراق ئۈنۈڭنى.
ئەل ئىچىدە ئەتىۋار،
غوجايىنلىق روھىڭنى.

سەن ئاققۇزدۇڭ نېفىتنى،
سايدا قىيان سەل قىلىپ.
ئەل قەدرىنى ئاشۇردۇڭ،
مايىنى زاپاس تەل قىلىپ.

ئۇلۇغ دېسەم نامىڭنى،
كەملىك قىلار تەرىپىم.
سېنى مەڭگۈ كۈيلەيمەن،
ناخشام مېنىڭ شەرىپىم.

1985 ـ يىل

## چامدايمىز هامان ئالغا

ئىشلەيمىز خۇشال تاڭدا،
يۈكسەك روھ بىلەن ئاڭدا.
ياشلار ھەممىمىز داڭدار،
ئەلنىڭ ئاغزىدا ـ باڭدا.

ۋەتەندە گۈل باهار بولغاچ،
يۈرەككە كۈچ ـ مادار تولدى.
يېڭى دەۋرانغا ھەمدەم بىز،
ھاياتقا گۈل، زەپەر تولدى.

نەقرات
چامدايمىز هامان ئالغا،
قاراپ نۇرانە ئىقبالغا.

## ئوغلۇم

ئەزىز ئوغلۇم ئۆگەن ئوبدان،
بىكارغا كەتمىسۇن ياشلىق.
سېنىڭكى ھەر مىنۇت ۋاقتىڭ،
ھەسەلدىنمۇ لەزىز ـ تاتلىق.

بالام ئوبدان ئۆگەن، ئۆرلە،
ئىجادىڭ پەر ـ قانات بولسۇن.
ئىلىم ـ پەن چوققىسى تىك تاغ،
ئىرادەڭ چىڭ ـ پولات بولسۇن.

بالام ئەلنىڭ ئۈمىدى كۆپ،
ئۇنى سەن دىلدا چىڭ ساقلا.
شەرەپلىك ئەھدۇ - بۇرچىڭنى،
سەپەردە تەلتۆكۈس ئاقلا.

ئاتاڭنىڭ قەلبى شۇ چاغدا،
خۇشاللىقتىن قانات قاققاي.
پۈتۈن ئەل ھۆرمىتى - ئىشقى،
بولۇپ كەلكۈن، ساڭا ئاققاي.

## گۈزەل دەۋرانىنى كۈيلەيمىز

ئەجەب كەڭرى زامان بولدى،
ھۇزۇرى بىباھا بىزگە.
شىپالىق تۇتىيا خۇددى،
سۈرتسەك بىز ئۇنى كۆزگە.

چىرايلار نۇرلىنىپ كۈلدى،
پەلەكنىڭ ئەخترى ئوخشاش.
گۈزەللىك شاھى بولدۇق بىز،
ۋەتەندە ھۆرپەرى ئوخشاش.

گۈزەل دەۋرانىنى كۈيلەيمىز،
يۈرەكتە ناخشىلار دەريا.
يارالدى ئەل ئۈچۈن ئوبدان،
بېيىشقا يېپيېڭى دۇنيا.

1986 - يىل

## ئىككىمىزنىڭ غايىسى

يايرىم كەلدى يېزامغا،
جاننى ئېتىپ قايىنامغا.
مەلھەم بولدى ۋىسالى،
يۈركىمگە ـ يارامغا.

يايرىم كەلدى هارماڭ دەپ،
ئالقىشلىدىم ياشاڭ دەپ.
گۈل تەڭلىسەم ئالمىدى،
قەلبىڭىزنى ئاتاڭ دەپ.

ئىككىمىزنىڭ غايىسى،
مۇھەببەتنىڭ دورىسى.
بىز بولىمىز يېزىنىڭ،
كۆركەم گۈلى، غۇنچىسى.

1986 ـ يىل

## دەۋرىمىنىڭ گۈلى دەيمەن

جەڭ قايىنىغان ئېتىزنى،
راھەتنىڭ بېغى دەيمەن.
چولپان پارلىغان تاڭنى،
ئىش باشلاش چېغى دەيمەن.

ئېتىزنى دېسەم ئاسمان،
ياشلار يۇلتۇزى دەيمەن.
مېھنەت ياشلىقنىڭ يارى،
قارا قاش قۇندۇز دەيمەن.

ئىشچان ياشلىنى دىلىدىن،
دەۋرىمىنىڭ گۈلى دەيمەن.
ئاققۇزغان ھالال تەرى،
غەلىبىنىڭ ھۆلى دەيمەن.

1984 - يىل

## مۇرادىم

دىلىم يايرايدۇ جۇشقۇنلاپ،
راۋابنى قولغا ئالغاندا.
يېقىملىق كۈي جاراڭلايدۇ،
ئۇرۇپ زەخمەكنى چالغاندا.

راۋابىم تارىدىن يانغان،
تەشەككۇر تەھسىنىم ئەلگە.
ئۇنىڭ ھەيۋەتلىكى ئوخشاش،
ئېلى، تارىمدىكى سەلگە.

ئاڭا شەيدايى ۋارىسمەن،
قولۇم چالغانغا تالمايدۇ.
كۆيۈمدە ئەلنى خۇش قىلسام،
مۇرادىم دىلدا قالمايدۇ.

نەقرات:
راۋابىم شادىمان بۇلبۇل،
تىنىم تاپمايدۇ، سايرايدۇ.

## كەچتە

كەچتە باقسام سايلىققا،
باغ كۆرۈندى كۆزۈمگە.
تېنىم يايراپ ئۆزگىچە،
چۆمدۇم شادلىق سېزىمگە.

جۇلالىغان چىراغلار،
گۈلگە ئوخشار بەئەينى.
تاقىۋالغۇم كەپ كەتتى،
ئۈزۈۋېلىپ مەن ئۇنى.

دىماغلارغا ئۇرۇلدى،
مايىنىڭ ھىدى ھۇزۇرلۇق.
ھېسابلىدىم ئۆزۈمنى،
ئېغىتلىكتە غۇرۇرلۇق.

بۇرغۇلارنىڭ ئاۋازى،
باغدا بۇلبۇل ناۋاسى.
ۋۇجۇدۇمغا جان قوشتى،
كەچتە سايىنىڭ ھاۋاسى.

## دىيارىم

دىيارىم لالە مەكۇزىڭگە،
قارايمەن زوقلىنىپ تىنماي.

دىلىمدا ئىپتىخار قايناپ،
تېنىمگە قالىمەن سىغماي.

ساڭا مەن مەھلىيا بولدۇم،
لاۋۇلداپ ياندى پاك قەلبىم.
نىگارنىڭ ۋەسلىدىن چارە،
ماڭا زەر تۇپرىقىڭ ــ چىمدىم.

سېنىڭ ئىشقىڭدا جان بەرسەم،
دىلىمدا زەررە ئارمان يوق.
ماڭا يايراشقا، سايراشقا،
سېنىڭدىن كاتتا بوستان يوق.

سېنىڭدىن لەززە ئايرىلسام،
تېنىمدە ئەسلا دەرمان يوق.
دىيارىم سېنى گۈللەيمەن،
دىلىمدا ئۆزگە ئارمان يوق.

## قۇچاغىڭغا سىڭىپ كەتسەم

ئۇزەلمەيمەن نىگاھىمنى،
دىيارىم گۈل جامالىڭدىن.
ھۇزۇرۇڭ بىباھا تەنگە،
نەپەس ئالسام شامالىڭدىن.

ئەزىزانە ئانا يۇرتۇم،
سېنى باققا سىما دەيمەن.
ھىدىڭ رەيھان ماڭا ھەر دەم،
جېنىمغا جان شىپا دەيمەن.

شامالنىڭغا بولۇپ ئەسرا،
چېچەكلەرنى سۆيۇپ ئۆتسەم.
تۇمەن دەريا سۈيى بولسام،
قۇچاقىڭغا سىڭىپ كەتسەم.

1988 ـ يىلى 6 ـ ئاي

## يار ئىشقى

جانان قىيا باقمايسەن،
سۇغا چىقساڭ قۇدۇقتا.
رايىڭ يوقمۇ ـ ئۆچمۇ سەن،
كۆڭلى ئاقتا ـ ئوچۇقتا.

سىياقىڭغا تەلمۈردۈم،
ئوخشىتىپ گۈل ـ چېچەككە.
دىدارىڭنى ھەر كۆرسەم،
ئوت كېتىدۇ يۈرەككە.

ئاتام سۇغا ماڭغاندا،
قارىمايتتىم چېلەككە.
جانان ئىشقىڭ ئۈندىدى،
يېڭى خىسلەت، ئەمگەككە.

يامان ئىكەن خۇمارىڭ،
مۇپتىلا مەن ئوت ـ دەردكە.
قاچان نىسىپ ۋىسالىڭ،
باغرى ئاتەش يىگىتكە؟!

# يوگورۇپ چىقاي

ئامرىقىم تەر تۆككىلى،
كەتكەن جەڭنىڭ ئەۋجىگە.
ئىنتىزار بولدۇم ئەجەب،
جەڭگاھتىكى يار ۋەسلىگە.

مەن باراي ئىزلەپ دېسەم،
يار مېنى كەلمەڭ دېدى.
ئىشقا بەنت كۆڭلۇمنى كۆپ،
سىز كېلىپ بۆلمەڭ دېدى.

ۋەدىنى ئويلاپ كېيىن،
ياردەك كۆيۈپ ئىشلەي دېدىم.
بەيگىدە تۇلپار بولۇپ،
ئالغا ئۇچۇپ كىشنەي دېدىم.

يار شەرەپ ـ شانلار قۇچۇپ،
كەلسە سەنەمدەك شادلىنىپ.
ئالدىغا يوگۇرۇپ چىقاي،
كۆكسۇمنى كەڭ ـ كەڭرى ئېچىپ.

# تۆيۇقلار

## 1

ئەل ئۇچۇن قەلبىم سۆزۈك ـ نۇرانە تاڭ،
يالغاننى نېرى ئاپار ـ چېكەڭگە تاڭ.
ئەلگە ھەم ھەققە مەن سادىق ئەزەلدىن،
نام ئۇچۇن ھەق ئالدىدا دېمەيمەن تاڭ.

## 2

مۇقەددەس تەختىمدۇر ـ تۇغۇلغان يېرىم،
ئۇندا شاھ ـ شادلىقىم، دىل ئەمەس يېرىم.
يۇرتۇمنىڭ ئىستىكى جىسمىمغا يىلىك،
يانمايمەن مەنزىلىم بولسا تەڭ يېرىم.

## 3

بىلىم ئىنسانغا خۇددى ـــ قان،
ئۆگەن، تەشنالىقىڭغا قان.
يولۇقساڭ سېپى يوق گەپكە،
تېرىكمە، بول ھامان سوغۇققان.

## 4

چېيىڭنى قۇي چىنە چايقاپ،
سۆزۈڭنى ئېيت ئېغىز چايقاپ.
قېلىپتىن چىقسا ھەر نەرسە،
قاچار ئەل بېشىنى چايقاپ.

## 5

باش باھار كەلدى سوغۇق ـ جۇتنى سۈرۈپ،
گۈل ـ چېچەك ئاچتى گىياھلار بىخ سۈرۈپ.
روھلىنىپ دىللار قېتىغا سىغمىدى،
گۈلباھارنىڭ قانغىچە پەيزىن سۈرۈپ.

## 6

ياڭاقنىڭ شەكلى بىر قىسما،
قاراپ ئەپتىگە كۆز قىسما.
تېتىپ تەمىنى بىلگەندە،
شىپاسى دەيسەن مىڭ قىسما.

## 7

ۋاقىت دۇنيادا قىممەت ـ قىس،
تىجە، ئامبۇر كەبى چىڭ قىس.
ئىجادتىن باغ بىنا ئەيلەپ،
چېكەڭگە كۈندە گۈللەر قىس.

## 8

ئىلىم ــ پەن ئەڭ ئاساس ــ. غولدۇر،
تايانسا غەلبىمۇ غولدۇر.
قاراملىق بىرلە ئىش قىلسا،
قورساقنىڭ ئاغرىشى غولدۇر.

## 9

بەر ئۆزۈڭ كۆڭلىگە هاي،
بىلمىسە كىم دەيدۇ هاي،
دوستلىغۇ هەمدەم بولار،
كەلسە ياۋ دەر هايۇ ــ هاي.

## 10

ئەڭ كىچىككە ئەۋرىشكە قىل،
بىر دان بولسىمۇ نەفئى قىل.
دېمىسۇن كىم مەنپەئەت ئۈچۈن،
دۇم چۈشكىلى ئۇ، قالدى قىل.

## 11

كېتىپسەن زەپمۇ هال تارتىپ،
شۇ هال تاشلايدۇ ئۇن تارتىپ،
كىبىرنى ئەيلىمە هەمراھ،
هامان ئۆت ئەلدە تەپ تارتىپ.

## 12

بىلىم ئال، پۈت ئىمان قىلمايسەن كېيىن،
ناداننىڭ ئىقبالى ئارقا رەت، كېيىن.
ئەل سېنى قىلمايدۇ بەربىر ھاجەت،
تەر تۆكمەي، كۆڭلۈكى مىڭ ياڭزا كېيىن.

## 13

تۆكۈپ تەر ئۇخلىما، (كەم يات)
ئەجىرسىز بەرمىگەي نەپ، يات.
تاماگەر بولما ھەرگىزمۇ،
تاما ئىنسانغا نومۇس ـ يات.

## 14

ماتا ـ بۆز رەختكە لازىم پات،
كۆزۈڭنى ياشلىما يار، پات.
ۋىسالغا يەتتى كىم دەرتسىز،
جاپانىڭ قوينىغا كىر، پات.

## 15

يولغا چىقسام مەشۇقۇم تەڭلىدىڭ يوللۇق،
يوللۇغۇڭ ـ تون، شۇنچە ئاق، زەنجىرى يوللۇق.
ئېيتقىنا يار، خۇشخەۋەر يوللىسام جەڭدىن،
بەللى! دەمسەن قىلغىنىم، بوپتۇ دەپ يوللۇق.

## 16

تون بولۇر سۈپەتلىك، تىكىلسە بوي چاك،
كۆڭلۈڭمۇ شادلىنار يەتمىسە دەز ـ چاك.
ۋىسالدىن سۇ ئىچەر قانغىچە كۆڭۈل،
ئۇنىڭسىز ئاۋۇيدۇ تەشنالىق چاك ـ چاك.

## 17

سۆزلىسە راست گەپنى كىمكى ھەق ـ ئوچۇق،
(مەيلى دوست، دۈشمەنگە ئوچۇقتىن ـ ئوچۇق)
چىن پۈتەر ئېيتقان ئۇنىڭ سۆز ـ لەۋزىگە،
دەيدۇ ئەل يۈزى يورۇق، قولى ئوچۇق.

## 18

ئاقار تاغدىن ئېقىن پەسكە.
تۇرالماس تاشتا بىر پەسكە.
سۆزۈڭنى ئېيت ئېنىق، دوستقا،
يېقىن كەلمە رەزىل پەسكە.

## 19

بىھۇدە كۆرسەتمە چىشنىڭ ئېقىنى،
ئاقمايدۇ بىر ئىزدا دەريا ئېقىنى.
ئەل كۆزى ئەللىكتۇر ئايرىيدۇ ھامان،
رەڭلەرنىڭ قارىسى ياكى ئېقىنى.

## 20

تولۇق يەرگە كەتمەن سالسا ئۆچىدۇ،
ۋە بەلكى چاپقانىنىڭ كەيپى ئۆچىدۇ.
ھىكمەتتىن جان بەرسە ياغاچ ئاتقىمۇ،
پەلەكنىڭ قەھرىدە مەغرۇر ئۆچىدۇ.

## 21

ئەجرىڭنى ئەلگە قوش ـ ئاقتۇر،
ماڭار شۇ يوللىرىڭ ئاقتۇر.
بۇنىڭدىن ئۆزگىرىسى نەسلىك،
ئۆزۇڭدە بارمۇ ـ يوق ئاقتۇر.

## 22

ئىنسانىنىڭ خۇيى كۆپ خىل،
ناباب ياكى داڭدار ـــ خىل.
ئايرىماق بەسى مۇشكۇل،
كەلمىكى قىيىن ماس، خىل.

## 23

ئەل تارتىپ تۇزگەندە مۇشكۇل جەڭگە سەپ،
كۆز تىكىپ ئارقاڭغا ھەرگىز سالما سەپ.
كۆيسە تەن ـ جىسمىڭدا ئاتەش ئوتلىرى،
جۇرئىتىڭنى سۇ قىلىپ ئۇستىگە سەن سەپ.

## 24

ئەل بىلەن بولساڭ ئىناق نۇسرەتمۇ قات،
ھېچقاچان باتۇرلۇقتىن چىقمايدۇ قات.
ئەل بىلەن بەختمۇ بىر، تەختىڭمۇ ھەم،
ئەل ئۇچۇن ۋەسلىڭنى بەر، ئەقلىڭنى قات.

## 25

نىگارىم قاشلىرىڭ ئەگمە،
پەخەس بول، يول قىيىن — ئەگمە.
ئۆزۈڭنى سەن زەكى چاغلاپ،
قوۋۇرغامنى دىمە ئەگمە.

## 26

بىلىمدىن كۈچ تېپىپ دەس تۇر،
ھاياتقا ئۇ ئاساس — دەستۇر.
بىراۋ بەرمەيدۇ ھەرگىز قۇت،
قىلىنسا مىڭ داۋا — دەستۇر.

## 27

ئىگىلگىن ئەۋرىشىم تالدەك يولۇقسا گەر جامائەت ـ توپ،
ئۇلارنىڭ ئالدىدا ھەريان تۆۋەن تۇر، بولمىغىل يەل توپ.
قىلىقسىز ھەرىكىتىڭ بىرلە نەزەردىن بىر چۈشۈپ كەتسەڭ،
ئۆزۈڭنى بىل گويا مۇردا، خەلق ئاتماستا پەيكان ـ توپ.

## 28

هاكاۋۆر بولمىغىن هەرگىز ئىناۋەت ئاشسىمۆ مىڭ گەز،
بىتەهقىق ئۆ بېرەر يۆزگە سېرىقلىق لەۋگە شورلۆق گەز.
كىشىگە بىباها ئامەت سەمىمىي ساپ نىيەت ئۆتمەك،
دىلى خالىسقا ئەل بەهرى ئاقار دەريا بولۆپ قاش ـ گەز.



# رۇبائىيلار

## 1

ئانا تۇپراقتىن سۇ ئىچىپ تېنىم،
قامىتىم — سەۋرى ھەم گۈل بولدى تېنىم.
مەنمۇ ھەم ھەق ئۇچۇن تۆھپە ئەجرىمدىن،
ئىلىمنى گۈلگە پۈركىسەم ئىدىم.

## 2

ئاينىڭ جايى كۆتە بولسىمۇ،
بولار ئىكەن ھامان چىققىلى.
ئەلنىڭ رايى، كۆتىكىنى ئېگىز،
بولمايدىكەن ئاسان چىققىلى.

## 3

ئۇرۇق ئۇنمەيدۇ شورلۇقتا،
كۆكۈل ئۆسمەيدۇ كورلۇقتا.
بىلىمدىن ئالمىساڭ قۇدرەت،
ئۆتەرسەن مەڭگۈ خورلۇقتا.

## 4

نادانىنىڭ دەستىكى — تەخسە،
جېنى يوق ئايرىلىپ كەتسە.

شۇ يولدا چاپسىمۇ تىنماي،
هامانەم ئىززىتى پەستە.

## 5

بەزىلەر دائىما خىيال ئىلكىدە،
خىيالى ئەتىنىڭ نۇرلۇق تەختىدە.
ئەتىغۇ نۇرانە، ئەمما يار بولماس —
بىمپەنەت يۈرگەندە بەخت قەستىدە.

## 6

ئۈمىدۋار ياشايمەن كۆمۈش تەر تۆكۈپ،
بىغۇبار قەلبىمگە ئەلنى چىن پۈكۈپ.
ياشلىقىم هاياتنىڭ گۈل - چېچەك پەسلى —
گۈل ئاچماس، قىش پەسلىم كەلسە مۈكچۈيۈپ.

## 7

هاياتىم — ۋاقىتتۇر، يۈرۈكۈم — سائەت،
سۈر ئەتكە هەر كۈنى باقىمەن مىڭ رەت.
ئەل ئۈچۈن ئەگەردە سوقمىسا بىر دەم،
مەن ئۇنداق سائەتنى قىلمايمەن هاجەت.

## 8

گىياهلار بەرگىگە چۈشىدۇ شەبنەم،
سەهەردە سىمابتەك يالتىرار بىردەم.

مۇرادىم ۋەتەنگە چىن سادىق بولۇپ،
شەبنەمدەك بولسىمۇ يالتىراپ ئۆتسەم.

## 9

تەخسكەشنىڭ ئۆمرى دەم كۆتە،
شۇ ئۆمرىدە يۈك بولۇپ ئۆتەر.
ئۆلسە ئەگەر ئەل شاد بولىدۇ،
ئەل قەھرىدىن كىپىنى پۈتەر.

## 10

كۆڭۈلنىڭ كۆكلىمى — خۇشلۇق،
قىشىدۇر غەم ـ ئەلەم توڭلۇق.
ئۆمۈرلۈك خۇش ئۆتەر بولساڭ،
كىشىگە ئەيلىمە چوڭلۇق.

## 11

تەكەببۇرلۇق نىزا مەنبەئى،
ئۇنى قىلمىغىن تامام دەفئى.
كىچىك پېئىللىق ئېسىل روھنى —
ئۆزۈڭگە مەڭگۇ قىل جەمئى.

## 12

بىمېھنەت بېخىل قاتتىق،
كۆرەلمەس كۈن — ئۆمۈر تاتلىق.

تەبىئەت ئەڭ سېخى كەڭ قول،
ئەجرىڭدىن چاقنىسۇن ياشلىق.

## 13

تىكەندىن گۈل چىقار خۇشبۇي،
پۇراپ ئىنسان بولار خۇشخۇي.
هامان مېهنەت، جاپا ـ ئاچچىق،
لېكىن يەڭسەڭ كېلەر قوش توي.

## 14

كېسەللىك چىرمىسا هەريان،
قىلاركەن كۆپ كىشى پۇشايمان.
كېچىكسە دان تۇتۇش پەيتى،
تۇتامدۇ دان قوناق ئوبدان؟!

## 15

بېخىل چۈشكەندە مەيدانغا،
سېخى مەن دەيدۇ ئىنسانغا.
ئەۋەل تۆت پۇت سەرپ ئەيلەپ،
بولاي بەگ دەيدۇ ۋەيرانغا.

## 16

نەپ ئۇچۇن كۆپ خەقنى ئالداپ ـــ پەللىمە،
ئۇچرىسا كەم جايى تىللاپ ـــ سەنلىمە.
ئۆزگىنى ئۆزىدىن ئارتۇق تۇتماق كېرەكتۇر،
خەقنى قەستەن كەم ساناپ، كەم چەنلىمە.

## 17

تۆر تاللايدۇ سوپىلار سۆزلەپ،
داستىخاندىكى زەللىنى كۆزلەپ.
ئامىن دېمەس قوينى تولمىسا،
ئولتۇرىدۇ گەپ سېتىپ تۈنلەپ.

## 18

سوپىلارنىڭ نەپسى كەڭ دېڭىز،
ئاغزى كالچاڭ، يوغان بىر دەھلىز.
ھارامىلارغا ئاقار سەل كەبى،
ئىشتىھاسى بەئەينى ئەگىز.

## 19

مەن دېسەم بەيگە تۈزەيلى ۋاقىت قېنى،
ۋاقىت دېدى: چوڭ سۆزلىمە، بەزلەپ مېنى.
مەن دېگەن يۇممايمەن كۆز، ئىنسان بىراق —
بىئارامكەن، تەگمىسىلا يەرگە يېنى.

## 20

بەزىلەر دەر بەك خەتەر كەلكۈن ـ قىيان،
ۋە بەزىسى دەر ھۆل ـ يىغىن، قاتتىق بوران.
تاغ يۈرەك ئوغلان ئۆزۈم روھىم تىرىك،
جۈرئىتىمدىن نى خەتەر قالماس ئامان.

## 21

كىشىگە يوكلىمە نوقسان،
ئونىڭدىن خەقمۇ بىۋەيران.
ئەگەر يانپاشقا سەن چىقساڭ،
دىمە سەنمۇ ئۆزۈڭ ۋايجان.

## 22

چىشنى ـ چىش قىلغان مىلىك،
شامنى ـ شام قىلغان پىلىك.
ئەجرىدىن كۆلگەي هايات،،
تەننى ـ تەن قىلغان يىلىك.

## 23

بىلىم ئىنسانغا هىكمەت ـ سىر،
ئىگىلەپ سەنمۇ بولغىن پىر.
نادان ـ غاپىلغا غەپلەت رام،
ئاشالماس بەلكى بىرلىك قىر.

## 24

تەڭلىك ئۈچۈن جىسمىم تەسەددۇق،
مەنمەنچىگە قەهرىم ئۆتكۈر ئوق.
غۇرۇرۇمنى سېتىپ بىر ئۆمۈر ـــ
ياشىغاندىن ئۆلگىنىم ئارتۇق.

## 25

ھەسەتخور سەۋەبسىز توقۇيدۇ ئىۋەن،
ئالتۇننى ھېسابلاپ مىستىنمۇ تۆۋەن.
ھەزەر قىل ھەسەتخور نائەھلىلەردىن،
باغرىڭنى بەرسەڭمۇ بولماس ئەپ - پىۋەن.

## 26

بولما دوست كىمكى سېنى كۆرگەندە پەس،
سەنمۇ ھەم كۆرگىن ئۇنى بىقەدرى خەس.
مەجبۇرەن چىن رام بولاي دەپ ئويلىما،
بولمىغاي تاشقا تاياقنى تاڭغاندا بەس.

## 27

ھاياتقا نۇر ھالۋا لازىم،
بىمارغا ئەم - داۋا لازىم.
ھاياتنىڭ لەززىتى خۇشلۇق،
ئۇنىڭغا خۇشناۋا لازىم.

## 28

ساڭا ياۋ قىلسا دەرد — جەبرى،
زىيادە قىلما كۆپ سەبرى.
رەقىب دامىغا چۈشكەندە،
ئەجەلسىز تەخلىگەي قەبرى.

## 29

بەزىلەر ياۋاشنى تىللاشقا ئۇستا،
مەنسەپدار ـ چوڭلارنى چىللاشقا ئۇستا.
زىياندىن قۇيۇندەك ئايلىنىپ قاچار،
پايدىغا بۇدۇشقاق ـ خىللاشقا ئۇستا.

## 30

نادان ئاقىلغا ئۆچ دائىم،
ماڭا قىلمايدۇ دەپ تازىم.
بۇرۇندا دەپتىكەن چوڭلار،
مەرەزدار ئەسكىگە لازىم.

## 31

بەزىلەر بار دائىما ۋىجداننى دەيدۇ،
ئەل يېنىدا ئەلگە نەپ ـ ئوبداننى دەيدۇ.
پۇرسەت كەلسە بۆرىدەك پىنهاندىن چىقىپ،
ئۆز نەپسىگە چوغ تارتىپ ئالغاننى يەيدۇ.

## 32

كىشىگە ئەيلىسە ئىكرام،
كىشىلەر بولغۇسى چىن رام.
كىبىردىن كېرىلىپ كەتسە،
ئېتىلگەي ئارىغا چوڭ تام.

## 33

ئۆزۈڭنى چاغلىما تەمبەل،
بىلىمگە بولمىساڭ سەندەل.
ئۆتەرسەن بىر ئۆمۈر غاپىل،
بولۇپ «ناۋاي» غىلا ئەمبەل.

## 34

ئىچىدە قاينىسا ئوۋغا،
بېشىدا ئايلىنار غوۋغا.
ئۈمىدى تارقىلىپ كەتكەي،
ھايالسىز ئايلىنىپ ھورغا.

## 35

ھاياتنىڭ ئۆتمىكى تەھقىق،
گۆھەردىن مىڭ ئېسىل دەقىق.
دىلىڭدا چاقنىماس غايەڭ،
ئىلىمنى قىلمىساڭ تەتقىق.

## 36

چېقىلدى داشقازان ئەمدى،
كۈچەيدى ئاشقازان ئەمدى.
ئىجاد، مېھنەتكە يول كەڭرى،
قەدەمدە شان قازان ئەمدى.

## 37

«پوٗف» دېسىلا ئوٗچىدوٗ پىننەك،
سايراپ كېتەر پوٗۋلىسە قوٗشتەك.
بەزىلەر بار مىسقالچە ۋەزنى،
قوٗيوٗنغا جوٚر ئوٗچىدوٗ ئوٗچتەك.

## 38

هايات خوٗددى دەريا ئەزىم،
بەزى ئوينىاق دولقوٗنلوٗق، نەزىم.
بەزى قايغوٗ، بەزى خوٗشاللىق،
ياشىمىساڭ بەرمەيدوٗ سېزىم.

## 39

ئوغاق تەگسە سولىشار بىدە،
قوٗرت بىلەن ئالمىلار زىدە.
مەردنىڭ ئوٚمرى خەپتە ئوٚتەر،
نامەرد ئوٗنىڭ يوٗرگەچ پېيىدە.

## 40

چىرىتىدوٗ ئادەمنى پارا،
مەيلى قانداق پەردازلا تارا.
ئالغىنىڭدا چېھرىڭدە كوٗلكە،
كېيىن پەيدا كوٚكسوٗڭدە يارا.

## 41

ئۆزۈڭنى ماختىما ئارتۇق،
ماختانچاققا يوق تارتۇق.
تۆكۈپ تەر، قول سېلىپ ئىشلەپ،
بۇگۈن خەجلەشكە زەر تاپتۇق.

## 42

ئايرىلار گۈل رەڭ بىلەن،
ئىنسان مېھنەت، جەڭ بىلەن.
ئاقمابدىكەن ھېچ بىر ئىش،
بولسا «مەن» «سەن» تەڭ بىلەن.

## 43

بەزىلەر ئۆزىنى ئاپپاق سانايدۇ،
بەيگىگە يارامىلىق ئارغىماق سانايدۇ.
ئۆزگىدىن ئىۋەننى ئىزلەيدۇ، ئەمما —
دېمەيدۇ خەق مېنى قانداق سانايدۇ.

## 44

ئىنساننى ئىنسانغا يات قىلار ئاقچا،
بەزىسىنىڭ نەپسىنى كات قىلار ئاقچا.
گال ئۈچۈن بولغاندا زىيادە ھېرىس،
ئاتالغان ھەركىمنى مات قىلار ئاقچا.

## 45

ئىنساندا ئىنسانچە روھ بولسا دەيمەن،
مەلئۇنغا ئېتىلغان ئوق بولسا دەيمەن.
نەپ ئۇچۇن سېتىلغان نا ئەھلىلەرنى،
زاكىسىدا تۇنجۇقۇپ يوق بولسا دەيمەن.

## 46

تاماكۇنى زىيان دەيدۇ ھەممە تەڭ،
تەڭدىن تولا چېكەر ئۇنى (بىر دېمەڭ.)
زىيىنىنى بىلىپ تۇرۇپ تالاشتۇق،
بىلگىنىدە قايىنارمىدى ئەلدە جەڭ؟!

## 47

ئالدىناركەن نىئىمەتتە ئىنسان،
ئاش كەلگەندە قاچقاندەك ئىمان.
تۆمۈر ئادەم ياسالدى دېسەك،
ئادەم ئىكەن ئاڭا قوماندان.

## 48

نەپسىدىن كەچكەي كىشى، كەچمەس بەلەن مېھمانىدىن،
ئالدىغا چىققاي ئۇنىڭ راستلاپ ئېسىل روزانىدىن.
دائىما مېھمان ۋەتەن قەلبىم تۆرىدە مۆھتەرەم،
كېچىمەن روزانە ئەمەس، ھەتتا جېنىمنىڭ بارىدىن.

## 49

ساپ نىيەت ئاشىق كېچەر مەشۇقچۇن ئۆز جانىدىن،
مەرتىۋە، مەنسەپ، مۈلۈك، ھەتتا جاھانىنىڭ بارىدىن.
مەن ئانا ئەل ئاشىقى، ئاشىقلىقىم بىردەم ئەمەس،
بەلكى تەڭ ئىككى جاھان كەچمەس پەقەت ئىخلاسىدىن.

## 50

پەزىلەت ئەھلىنى ئەل تەڭ سۆيەتلەپ دەيدىكەن: ئوغلۇق،
كىشىگە قىلمىغاچ قەستەن ئەلەم كۆپ كاتتىلىق ـ چوغلۇق.
باھاردا بىخلىنىپ چوغلۇق چېچەك ئاچقان كەبى چاپسان،
ئاشكارىكەن كۆنسېرى ئۆرلەپ ئۇنىڭ چىن ھۆرمىتى يوللۇق.

## 51

بولسا چەل، مەينەت كىيىم ھەتتا زېمىنىنىڭ كەڭ يۈزى،
سۇ بىلەن مۇمكىن ئىكەن قويماي ئېرىغداپ كەتكىلى.
قونسا گەر ئىنسان قەلب ـ ئەقلىگە ئازراقلا كىر،
بەلكى پاك ئەيلەش تۈگۈل بولمايدىكەن پەرق ئەتكىلى.

## 52

ئەھلى خوپ ھەرگىز ئىۋەن تاپالمايدۇ قەستەن ئۆزلۈكىدىن،
ئىزلىگەن خەقتىن «قۇسۇر» بەلكى پەرقسىز رەزگىدىن.
«ياخشىدىن ئات قالىدۇ، ياماندىن دات» دېگەن چوڭلار،
قالغىنى سەندىن تۈزۈك ئىنسانى روھ ئىز ـ بەلگىدىن.

# ھەجۋىي شېئىرلار

## ئۈچ مەسەل

### شەبنەم بىلەن گۈل

سۈبھى سەھەر گۈل بەرگىدە.
سەبنەم كۈلدى ۋىلىقلاپ.
گۈلگۈن قۇياش باقتى ئاڭا،
ئۆپۈق يېرىپ مارىلاپ.

نۇر ۋەسلىدىن تۆكۈلدى زەر،
كەڭ زېمىننىڭ بېتىگە.
شەبنەم سەزدى بىر ھارارەت،
قۇياش سۆيۈپ لىۋىگە.

كۆككە ئۇچتى شەبنەم شۇئان،
ناز ـ كەرەشمە جىلۋىدە.
ئۆچكەندەكلا بولدى گۈلنىڭ،
ھايات شامى پىلىلىدە.

گۈل نازىدا ئوتلۇق بېقىپ،
دېدى: شەبنەم يان بۇيان.
سەن تۇتامسەن مەندىن قېچىپ —
كۆك قەھرىدە ئۆي ـ ماكان.

شەبنەم دېدى: قاچمايمەن،
يامغۇر بولۇپ چۈشمەن.
ئانا زىمىن تەكتى جايىم،
جۇدا بولسام ئۆلىمەن.

1985 ـ يىل، قاراماي

## توپا بىلەن ناھال

گەپ تەگىشىپ جېدەللەشتى ناھال خاك بىلەن،
تەن بەرمىدى خاكمۇ ئاسان ۋايجان ـ ۋاك بىلەن.
بازلاپ كۆزنىڭ چۈجىسىدەك سوقۇشتى ناھال،
ئاغزى قۇرۇپ يېگەندەك دان قوشۇپ زاك بىلەن.

كىم يېڭىلسە مۇش تەڭلەيدۇ ئالدىن ئالدىراپ،
قوپتى ناھال بىردەم مۇچ رەڭ، بىردەم قانسىراپ.
ئاتتىن چۈشكەن تۇرۇپ يەنە ساقلاپ ئۆزەڭگە،
كەتتى قايناپ تەلۋە ـ تەرسا ئۆزىنى ئاقلاپ.

«ھىم!» دېدى ـ دە، دىماق قېقىپ سۆز ئالدى ناھال،
قەستى ئۇنىڭ خاككا سالماق ئىسكەنجە ـ قامال.
ــ توپا ساڭا زىيادە يول قويدۇم يۇز قىلىپ،
سەنمۇ بىۋەج مەندىن تولا تارتمىدىڭ ۋابال.

جىسمىم تۆمۈر، قاتتىق مېنىڭ ئورنۇممۇ ئېگىز،
سېنى دەسسەپ يول يۈرىمەن ئۇستۇڭدە شەكسىز.
ئەل ئالدىدا بىنەزەر سەن كەلتۈرمەك مىسال،
ئۆز ـ ئىززىڭنى كاچات بىلەن سەمرىتمە سېمىز.

دېدى خاك: كۆر دەپتىكەن ئەل لاپچى ـ يالغانغا،
(ھەق ـ ئادالەت سۆز ئالدىدا كۆزنى يۇمغانغا.)
سازلىقتىكى سېسىق پاقا، قۇمچاقنىڭمۇ،
زوۋانى بار، كالۋا دېمە ئۇنسىز تۇرغانغا.

مەن ئەتىۋار، ئەلمۇ ئىقرار، يەر ئالتۇن قوزۇق،
مەن ئەيلەيمەن ئەلگە ئىنئام ئاش ـ نان ھەم ئوزۇق.
مەن سېنىڭدىن يۇمشاق ـ سىلىق، ئەمما سانىم كۆپ،
ئۇزاق ئۆتمەي سەن بولىسەن ۋەيرانە پۇچۇق.

ناھال دېدى: تاپان سۆيۈپ ئۆتمەك ئادىتىم،
نە ئادەتكى، بەلكى ھايات يولۇم، ھۆرمىتىم.
چىدالمىساڭ سەنمۇ ماڭ يۇر مەندەك يول تېپىپ،
ساڭا ئېيتار سۆزلىرىم بۇ، راست سۆز دەۋەتتىم.

توپا دېدى: كەمتەر ئۆتۈش رايىم، خىسلىتىم،
چۇشۇپ كەتمەس تۆۋەن مېنىڭ ئورنۇم، قىممىتىم.
ئۆمرۈم ئۇزۇن بۇ ئادەمدىن ھەتتا ئەجەل يات،
ئەلگە تېگەر ھەممە يەردە پايدام، ھىممىتىم.

بارچە مەغرۇر كۆرەك ئۆمرى ئىتتىك شامالدۇر،
لىللا ھۆكۈم يامان ئىشقا گۇمران ـ زاۋالدۇر.
سەن بىلەن خۇش ئۆتكەن مىڭ يىل تاپمىسا مەنە،
ئەلنى رىزا ئەيلەپ ئۆتكەن بىر كۈن ھالالدۇر.

ناھال شۇ دەم كەتتى بىردىن سەكرەپ ـ چىچاڭشىپ،
خاكنى خەپلەپ، ئاچچىقىدىن كەتتى لىڭشىپ.
تەمكىنانە تۇردى توپا ئۆزىنى بېسىپ،
كەتتى چوڭقۇر ئوي، تەسەۋۋۇر تەكتىگە چۆكۈپ.

كۆن، ئاي ئۆتۈپ يىلمۇ كەلدى، ئوقتەك ئۇچۇپ تېز،
ناھال ئۇپراپ بولدى نىمجان، ياتتى ئامالسىز.
دات ئىسىملىك كېسىلىدىن سۇنغان كۆڭلىگە،
تېپىلمىدى ئەم ـ شىپالىق (قالدى قامالسىز.)

توپا دېدى: ناھال جېنىم قوپقىن قۇچاقتىن،
ناھال يىغلاپ سۆز باشلىدى شېكەر ـ قايماقتىن.
كەچۈر دوستۇم، قىلغىنىمغا مىڭبىر پۇشايمان،
شۇم ئەجەلدىن قۇتقاز، سۇ بەر، مېھرى بۇلاقتىن.

ــــ پارە بولدۇڭ، ــــ دېدى توپا ئۇپراپ ئاخىرى،
كۆكرىكىڭگە پاتتى دات ئۇ ئەجەل شەمشىرى.
نە ئامالىم سەندەكلەرگە، ئىگەمگە ئۆتتى،
شېرىن جېنىڭ، ھاياتىڭنىڭ ئىقبال ـ تەقدىرى.

1986 ـ يىل

## ئۈن بىلەن ئەلگەك

ئاق ئۈن دېدى: ئەلگەك سەن نىچۈن،
ئۆمرۈڭ بويى كاچاتقا ئامراق؟
ئەلگەك دېدى: ئويلاپ باقماسەن؟ ــــ
ئەزەلدىنلا تەقدىرىم شۇنداق.

تەتۈر قاراپ ئۈن دېدى شۇئان:
ــــ سەن جۆيلىمە ئۆزۈڭچە ئارتۇق،
ئەلگەك دېدى: بېقىنىمغا مۇش ــــ
تېگىدىغۇ باشقا ئامال يوق؟

توختاپ قېلىپ ئۈن دېدى: ياتقا —
ئارازلىققا بوپتىمەن تارتۇق.
باش چايقىدى ئەلگەك شۇ هامان،
توختاپ قالدى سۆزلەشتىن ئارتۇق.

1987 - يىلى 4 - ئاي

# ئۈچ ساترا

## مەيخورنىڭ سۈرىتى

تەڭلەپ تۇرۇپ بېلىق كۆزى مەي،
ماڭا تاتلىق يايدىڭ تىلىڭنى.
شۆلگەي ئاقتى جاۋغايلىرىڭدىن،
ئىزاھلىدىڭ ھەتتا دىلىڭنى.

ئىچەي دېدىڭ: ئاچچىقىنى مەن،
تاتلىقىنى ساڭا قالدۇرۇپ.
يۈزلىرىڭگە ۋىللىدە شۇئان،
كۆلكىلەردىن يۇلتۇز قوندۇرۇپ.

ھايال ئۆتمەي ۋەدەڭ يوقالدى،
نېمە بولسا قۇيدۇڭ چاندۇرۇپ.
نېمەتلەرنى بۇلغىدىڭ، بۇزدۇڭ،
ھۆ بىلەن تەڭ قۇسۇپ ـ ياندۇرۇپ.

نەگە كەتتى شەرمى ھايادىن،
ئېغىزىڭغا سىلىنغان قۇلۇپ.
ئۆي ئىچىنى كەيدىڭ بېشىڭغا،
سۆزگە چىقتىڭ مەردانە بولۇپ.

ئايرىماستىن ياخشى، يامانىنى،
تىللاۋەردىڭ چوڭ ـ كىچىك تۇگەل.

قالمىدىغۇ ئىنسانىي تۇيغۇ،
باسالمىدىڭ ئۆزۈڭنى سەل ـ پەل.

دەسلىپىدە ئايرىساڭ بىر ئاز،
ئاچچىق بىلەن چۈچۈك، لەززىنى.
سۈزگۈچمىكىن دەپتىمەن تېخى،
سەندىكى شۇم ئاشۇ ئېغىزنى.

كىرگىنىدە ئايرىدىڭ ئوبدان،
چىققان چاغدا كەلمىدى كارغا.
نەپرەتلەندىم مەنمۇ ئۆلپەتلىك،
قىلغىنىمغا كۆڭلى قارىغا.

1986 ـ يىلى

## كوچىنىڭ زارى

كېتىپ بارسام بىر كوچا،
توسۇۋالدى يولۇمنى.
مۇخبىر يىگىت خوپ كەپسىز،
دېدى ئاڭلاڭ ھالىمنى.

باقسام چېھرى دۆشىدەك،
مايلىشىپتۇ كىر بولۇپ.
بەكمۇ ئوسال مىجەزى،
دەل تۇيۇلدى سىر بولۇپ.

سۆزلە دېسەم ئېسەدەپ،
تۇرۇپ قالدى بىر ھازا.

ئىچىم ئاغرىپ مەن يەنە،
دېدىم: يەتتى نە قازا؟

سۇرتۇپ تۇرۇپ يېشىنى،
كاراسلىتىپ چىشىنى.
بايان قىلدى گەپىنى
كىرىش قىسمى — بېشىنى.

— كۆپنى قويۇپ، ئازنى دەي،
قىشنى قويۇپ، يازنى دەي.
قىياسىمنى قىستۇرماي،
ئەڭ راستىنى، نەقنى دەي.

ئۇزۇن بولدى قول قويدۇم،
بەزىلەرنىڭ ئىشىغا.
مېنى خارلاپ غۇرۇرنىڭ —
تەگدى بەكمۇ چىشىغا.

ماڭا دىلداش دوستلىرىم،
ئىجرا قىلدى تۇزۇمنى.
يۇيۇپ قويدى ھەر كۈنى،
لۆڭگا بىلەن يۇزۇمنى.

سۇپۇرۇلدۇم ۋاقتىدا،
ئەخلەت ـ چاۋا قالمىدى.
قالغىنىنى ساندۇققا،
تاشلىۋەتتى، چانمىدى.

ئەمما بەزى كىشىلەر،
ئېشىپ كەتتى ھەددىدىن.
تەشۋىقاتنى يۇقتۇرماي،
چىقىرىۋەتتى يادىدىن.

ئۇيان ـ بۇيان ئۆتۈشسە،
يۈزلىرىمگە تۈكۈردى.
ئەخلەتلىرى ئاز كېلىپ،
باشلىرىمغا مىشقىردى.

سۆزلەڭ دېسە يەر ئەزىز —
دەيدۇ بۇيۇك — مۇقەددەس.
ئەل تۇپرىقى چىمدىمى —
جېنىمغا تەڭ ھەر نەپەس.

شۇنچە ئەزىز نەرسىگە،
تۈكۈرەمدۇ قارىماي.
ياكى لايىق، مۇۋاپىق —
يەر ـ ئورۇننى تاللىماي.

شۇ بەلغەمدىن، چاۋاردىن،
تارقالمامدۇ كېسەللىك؟
بېرەلەمدۇ ئۇلار ھەم،
ماڭا ئىسپات ـ دەلىللىك!؟

قانات يايدى مەنىۋى —
مەدەنىيەت كەڭتاشا.
ئەخلاق ـ ئەدەپ ماسلاشتى،
ھەممە ئەلنىڭ رايىغا.

ئاشۇ ئىللەت، بەت قىلىق —
دەيمەن قاچان تۈزىلەر؟
ماڭا ئەمەس ئەلگە ئۇ،
يات خۇي، ئۇسال سېزىلەر؟

ئۇيلاپ قالدىم نەچچە رەت،
يوقمىدۇ دەپ باشقىلار.
يا قانۇنغا چۈشمەمدۇ،
ئۇنداق ناچار قىلىقلار.

قىلما دېسە بەزىلەر،
ئەمدى چاتاق يوق دەيدۇ.
دۆڭگەپ قويۇپ بەزىسى،
بىزدە ئىللەت يوق دەيدۇ.

ئاڭلاپ باقسام كوچىنىڭ،
ئېيتقانلىرى راست ئىكەن.
دەۋرىمىزگە بۇ تەلەپ،
لايىق ئىكەن، ماس ئىكەن.

دېدىم شۇڭا كوچىجان،
ماقۇل ئۇنى چەكلەيلى.
تازىلىقنى ساقلىق دەپ،
توغرا يولغا تەكلەيلى.

ئىنتىزارلىق كۆز بىلەن،
قاراپ كۈلدى كوچىجان.
مەنمۇ ماڭدىم يولۇمغا،
ئاڭلاپ بولۇپ شۇ ھامان.

بۇنى دېسەم خالايىق،
دېدىڭ ئوبدان گەپ دەيدۇ.
ياخشىلار كۆپ ياماندىن،
تەشۋىق قىلسا گەپ يەيدۇ.

ئويلاپ بېقىڭ دوستلىرىم،
كوچا جاننىڭ زارىنى.
گۈزەل خىسلەت ۋەزىندە،
دەڭسەپ بېقىڭ لەۋزىنى.

1985 - يىل

## خەت ساندۇقىنىڭ ساداسى

چىقمۋاتسام بىناغا،
خەت ساندۇقى چاقىردى.
نېمە دەيسەن، هە دېسەم،
بىر سۆزۈم بار دەي دېدى.

ئىشلىرىمدىن ۋاز كېچىپ،
يېقىن باردىم يېنىغا.
قاراپ ئىچىم سىيرىلدى،
چىرايىغا، تۇرقىغا.

قۇلاق سالدىم جىم تۇرۇپ،
ئۇنىڭ ئېيتقان سۆزىگە.
(بىرەي دېدىم تەسەللى،
ئاڭلاپ بولۇپ ئۆزىگە.)

يىغلامسىراپ باشلىدى،
ئۆز گېپىنى ــ سۆزىنى.
يورغىلاتماي ـ ئەگىتمەي،
ئەسلى گەپنىڭ ئۆزىنى.

«بىنا بىلەن تەپمۇ تەڭ،
ئاسقان ئىدى مېنىمۇ.
بىرەر مەررە پوچتىدىن،
ئىزلىمىدى مېنىمۇ.

خەت ساندۇقى نامىم بار،
خەت سالمايدۇ بىرەرسى.
ئىشلىمەيدۇ دەمدىكىن،
ئۆز جايىدا نېرۋىسى.

ئالىلىقاچان كۆزلىرىم،
نابۇت بولدى، كور بولدى.
ئۆمۈچۈككە تەنلىرىم،
ماكان بولدى، ئۆي بولدى.

قەغەز تىقىپ ئاغزىمغا،
ئوت يېقىشتى باللار.
كۆزلا ئەمەس باغرىمدىن،
ئېقىپ چىقتى شالىلار.

ئۈستى ـ بېشىم يۈزۈمنى،
بېسىپ كەتتى چاڭ ـ توزان.
سۈرتمىگەچكە داتلاشتىم،
قۇلاقلىرىم بولدى پاڭ.

بوران چىقسا جالاقلاپ،
تۇرالمايمەن جايىمدا.
ياتالمايدۇ خالايىق،
بۇ بىنادا، زارىمدا.

مېنى ئېسىش بىناغا،
هاجەتمۇ يا سۆلەتمۇ؟
زىيان بولدى دېگەننى
ئويلىماسمۇ دۆلەتمۇ؟

ئىسلاھاتتا ھەممە ئىش،
راۋانلاشتى تەڭ تولۇق.
يالغۇز مەنلا بۇ جايدا،
بولۇپ قالدىم تاشلاندۇق.

باشقىلارنىڭ بۇنىڭدىن،
بارمۇ ـ يوقمۇ خەۋىرى.
تۈگەپ قالدى جېنىمنىڭ،
ئەمدى تاقەت سەۋرى.

سادايىمنى دەپ قويساڭ،
مۇناسىپ جاي ئورۇنغا.
مېنى تاشلاپ قويمىسۇن،
مۇنچە خارلاپ بۇلۇڭغا.

ئاخىرلاشتى گەپ، سۆزى،
ماقۇل دېدىم، خوش دېدىم.
تەخىر قىلغىن قاينىماي،
تۇرغىن بىر ئاز خوش دېدىم.

ئويلاپ باقسام توغ ىكەن،
ئۆنىڭ ئېيتقان ھەر سۆزى.
مەنمۇ دەيمەن باشلىقنىڭ،
نىچۈن چۈشمەس جۆپ كۆزى؟

1986- يىل

# قادىر سىدىققا يېزىلغان مەرسىيەلەر

## ئەلۋىدا

ئارسلان تالىپ

ئەلۋىدا ئۇستاز ساڭا ئاھ، دىلدا ھەسرەتلىك پىغان،
سەن ئىدىڭ پەرزەنتىمىزگە پەن ئۆگەتكەن، ھارمىغان.

دىل خانەڭدە مەرىپەتنىڭ مەشئىلىنى چاقنىتىپ،
ئەلگە بەردىڭ نۇر ـ زىيانى، سەن ئۆزۈڭ ئەپ قالمىغان.

كەلسە ئىلھامىڭ پەرىسى ھەر قېتىم يوقلاپ سېنى،
نەزمىدىن ئۇل باغ ياساپ مېھمانلىرىنى باشلىغان.

سەن ئىدىڭ دوختۇر ـ تىۋىپ ئۇيغۇر تېبابەت ئىلمىدە،
ھەر سۆزۈڭنى ساق يۇرۇشنىڭ ھېكمىتىدىن باشلىغان.

سەن ئىدىڭ شۇنداق تېقىڭچى «شىپالىق قول» نامى بار،
پۇت ـ قولى سۇنغاننى ساق قىلغان، يولىغا باشلىغان.

«جان دېگەن تەنگە ياش ـ قېرى دېمەس ئەجەل»
كەتتى قادىر باقىغا، بىز راست ئۇنىڭغا قانمىغان.

«كۆپكە قادىر» ئىلمى، پەزلى بىزگە قالدى يادىكار،
بىز سېنى ئەسلەپ ئۆتەرمىز دوستلۇق يولىدىن قانمىغان.

2010 ـ يىلى 26 ـ يانۋار، قاراماي

# قادىر سىدىق كەتكەن كۈنى

ئوسمان قاۋۇل

بولدى ئالەم ھازىدار قادىر سىدىق كەتكەن كۈنى،
قىلدى كارۋان ئاھۇ ـ زار، قادىر سىدىق كەتكەن كۈنى.

ۋىشكا قىڭغايدى، كاچالكا ئاھ ئۇرۇپ تازىم بىلەن،
يىغلىدى شېئىر خۇمار قادىر سىدىق كەتكەن كۈنى.

ئۆكسىدى جۇڭغار پۈتۈن كەيدى ماتەم تونىنى،
سولدى تارىم ـ لالىزار قادىر سىدىق كەتكەن كۈنى.

ئەسلى مۇنبەردە بىلىمكار، ئۆيدە ماھىر ئەمچى ئۇ، —
دەپ ئۆكۈندى نى بىمار قادىر سىدىق كەتكەن كۈنى.

كۈن بويۇن قىستى، دەرەخلەر شۇمشۇيۇپ ھازا ئېچىپ،
بولدى ھەممە نالىكار قادىر سىدىق كەتكەن كۈنى.

قىسمىتى شۇنداقمىدى ئاتمىشتا كەتمەكلىك ئۇنىڭ،
يۇرۇكۇم چەكتى پەرياد قادىر سىدىق كەتكەن كۈنى.

ۋاي ئىسىت، سەرخىللىرىمىنىڭ رېتىدە ئۇ بار ئىدى،
قارىمايدا ياغدى قار قادىر سىدىق كەتكەن كۈنى.

2010 ـ يىلى 27 ـ يانۋار، قاراماي

# دوستۇم ساڭا ئەلۋىدا

ئوبۇلھاشىم قاسىم قايناق

ئارسلان بەردى خەۋەر، ئاۋازىدا ھەسرەت، يىغا،
«باقىغا قىلدى سەپەر، قادىر سىدىققا ئەلۋىدا».

ياق، دېسەم ئۇ راست دېدى: دوستۇڭ بۇگۈن كەچ يۇمدى كۆز،
تىترىدى تەن، تىترىدى يەر، قادىر سىدىققا ئەلۋىدا،

بىر بېشىمدا چاقتى مىڭ چاقماق، تۆكۇلدى كۆز يېشىم،
يۇرۇگۇم ھەسرەتتە دەر: قادىر سىدىققا ئەلۋىدا.

ئۇ گۇزەل قەشقەردە كۆز ئاچقان ئىدى، ئۆسكەن ئىدى،
پاك ۋۇجۇد، ئەخلاقتا زەر، قادىر سىدىققا ئەلۋىدا.

بىز ساۋاقداش، دوست ئىدۇق، سىرداش ئىدۇق، قولداش ئىدۇق،
دوستقا سادىق، نۇر ـ قەمەر، قادىر سىدىققا ئەلۋىدا.

پەن ـ ئىلىم دەرياسىغا چۆككەنتى ئۇ غەۋۋاس بولۇپ،
ئەل ئۇچۇن سۇزگەن گۆھەر، قادىر سىدىققا ئەلۋىدا.

خاس نىيەت، قورقماس ئىدى، باتۇر ئىدى ھەر سەپتە ئۇ،
ھەرقاچان يەڭگەن خەتەر، قادىر سىدىققا ئەلۋىدا.

ھەر شېئىر ـ نەزمىسىدە كۆيلەيتتى ئەلنىڭ بەختىنى،
ئەجرىدىن گۈل ئۈندۈرەر، قادىر سىدىققا ئەلۋىدا.

ئۇ مېنى «قايناق» دېگەن، يازغىن ئەسەر قايناپ تۇرۇپ،
ئەتنى ئالدىن كۆرەر، قادىر سىدىققا ئەلۋىدا.

ئۇ بېرىپ جۇڭغاردىكى ياش شەھەر قاراماي ئۈچۈن —
تۆكتى ئوتتۇز يىلچە تەر، قادىر سىدىققا ئەلۋىدا.

ھەر يىلى «ئىلغار مۇئەللىم»، چىقتى شەرەپ سەھنىسىگە،
كەسپىدە قۇچقان زەپەر، قادىر سىدىققا ئەلۋىدا.

دەپ يۈرۈپ مۇنبەر — تەخت، شاھ ھۆزۈرى سۈرمىگەن،
ئەۋلادىغا يۈز كېلەر، قادىر سىدىققا ئەلۋىدا.

ئۇ مۇئەللىم — ئۇ قۇياش، پەرۋىشچىسى ئەۋلادىنىڭ،
ئىش ـ ئىزى كۆپ شۇ قەدەر، قادىر سىدىققا ئەلۋىدا.

جان ئالغۇچى ئەزرائىل ئۇ كۈن ئېزىپ قالغانمىكىن،
كىم دېمەي ساپتۇ زەرەر، قادىر سىدىققا ئەلۋىدا.

ۋادەرىخا، جان ـ جىگەر دوستۇم دىلىمدا سەن ھايات،
تەڭرى ھۆر، جەننەت بېرەر، قادىر سىدىققا ئەلۋىدا.

ئەلۋىدا، يۈرتتىن سالام، ياتقىن تىنچ قارامايدا سەن،
خىسلىتى ئۆچمەس پەنەر، قادىر سىدىققا ئەلۋىدا.

2010 ـ يىلى 26 ـ يانۋار، قەشقەر

# تۆھپەڭ چاقنار قۇياشتەك

نىياز ئىمىن قۇربانى

مۇسىبەتلىك خەۋەردىن تۇمەن[1] دەريا چايقىلىپ،
شىددەت بىلەن داۋالغۇپ كەتتى ھېيتگاھ مۇنارى.
تىترەپ قەشقەر يۈرۈكى، دەرغەزەپتە چىڭقىلىپ،
بۇ رەھىمسىز ئەجەلدىن ئۆرلەپ كەتتى پىغانى.

يېڭىشەھەر[2] ئاسمىنى تۆكتى ماتەم يېشىنى،
سۇكۇناتتا تەلۋىچۇك[3] قالدى ھەتتا مۇڭسىراپ.
چۇقان سېلىپ كەڭ دالا: «ياپچان[4]لىق مەرد ئەر قېنى؟»
نىدا قىلىپ تەڭرىگە كەتتى ھەتتا ۋارقىراپ.

ئەزرائىلغا مىڭ لەنەت ئوقۇپ قەشقەر ياشلىرى،
ھەسرەت چېكىپ، قان يۇتۇپ زەرداپ بولۇپ ئۆتمەكتە.
يولىمىزنى توسقاندەك تاغنىڭ قورام تاشلىرى،
ئارزۇ - ئۈمىد قولۋىقى دەريالارغا چۆكمەكتە.

ئارمانلارنى باغاشلاپ، خوشلاشتىڭ بۇ ھاياتتىن،
كەتتىڭ مەڭگۈ كەلمەسكە بىزنى دەردتە قالدۇرۇپ.

---

① تۇمەن — قەشقەر شەھرىنى كېسىپ ئۆتىدىغان دەريانىڭ نامى
② يېڭىشەھەر — قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيەسى
③ تەلۋىچۇك — يېڭىشەھەر ناھىيەسىنى كېسىپ ئۆتىدىغان دەريا
④ ياپچان — يېڭىشەھەر ناھىيەسىنىڭ بىر يېزىسىنىڭ نامى، مەرھۇمنىڭ تۇغۇل-
غان يۇرتى.

ئايرىلغاندەك كۆكتىكى كەپتەر بىر جۈپ قاناتتىن،
بىز سېنىڭدىن ئايرىلىپ قالدۇق بۈگۈن ئاھ ئۇرۇپ.

كەتتىڭ باقى ئالەمگە، يۈرەكلەرنى ئەپ كەتتىڭ،
ئىجاد بېغى چۆلدەرەپ قالدى ھەتتا چوقچۇيۇپ.
جاراھەتلىك دىللارغا ئېغىر دەردنى سەپ كەتتىڭ،
يات خىرامان خانەڭدە، تۆھپەڭ چاقنار نۇرلىنىپ.

2010 - يىلى 26 - يانۋار، قەشقەر

# ئاھ، جۇڭغار كۆيچىسى

ياسىن ئىسمايىل ئەلتىرەش

ئانا جۇڭغار كۆيچىسى كەتتىڭ ئەجەبمۇ بىمەھەل،
ئەتتى دوستلار كۆڭلىنى غەش، سەن ئۇچۇن كەلگەن ئەجەل.

ياشىغانتىڭ بىر ئۆمۈر ئەۋلاد، ئاۋام دەپ ئىزدىنىپ،
دوسكا ـ مۇنبەر ئالدىدا ئەيلەپ ھايات ـ جان بەدەل.

جىلۋە قىلسا بور قولۇڭدا نۇرلىنىپ سانسىز كۆڭۈل،
شادلىناتتى بەختىدىن بولغان كەبى ئارزۇسى ھەل.

زوق بېرەتتى بالىلارغا ئەقلىنى ئاۋۇندۇرۇپ،
سەن ئۇلارنىڭ قەلبىگە تۆككەن تالاي ھېكمەت ھەسەل.

سۆيۈنەتتى سەن كەبى ئوغلاندىن مۇنبەت زېمىن،
غايە ـ ئىقبال ئىشقىدا ئېيتساڭ تىنىم تاپماي غەزەل.

ئاھ، ئەجەب يۇمدۇڭ كۆزۈڭنى ئارمىنىڭ تۇرسا كۈتۈپ،
ساقلىغاندەك خۇددى كۆكتىن نۇرلىنىپ تۇرغان زۆھەل.

قادىر سىدىق ھېچ ئۇنتىماس سەندەك ۋاپادار ئوغلىنى،
بۇ قەدىم جۇڭغار بىلەن سەن كۈيلىگەن يۇرت ھەمدە ئەل.

2010 ـ يىلى 28 ـ يانۋار، ئۈرۈمچى

# ئەلۋىدا

ئابلاجان بوۋاقى

ئەلۋىدا ساھىبقەلەم، ئاتەش يۈرەك ـ دىل، ئەلۋىدا،
باغرىمىز چاك ـ چاك ئېتىپ كەتكەندە لال تىل، ئەلۋىدا.

ئىشقىڭىز ئوتلۇق ئىدى ھەم مېھرىڭىز چوغلۇق ئىدى،
خۇي ـ مىجەز ئوڭلۇق ئىدى، شاھىد ئاڭا يىل، ئەلۋىدا.

ئوت ئىدى ئەشئارىڭىز، كۈي لەرزىدە زەر تارىڭىز،
ئەمدى زار ـ زار يارىڭىز، يىغلايدۇ مەنزىل، ئەلۋىدا.

ياش تۆكۈپ قەشقەر، قاراماي ... باغلىدى ئاق بۇغدا ھەم،
ئاھ ئۇرۇپ ئاسماندا ئاي، كۈن، ئۆچتى پىل ـ پىل، ئەلۋىدا.

گۈل نېفىت شەھىرى ئۈچۈن مېھنەت قىلىپ، تەر ئاققۇزۇپ،
قىلدىڭىز بەرپا گۈلىستان شۇنچە سەرخىل، ئەلۋىدا.

ۋىشكىلار چۆكتى سۈكۈتكە بىر دەقىق، غەم تەكتىگە،
كەلدى تەقدىر سىزگە زەپ كاج ھەم بېخىل، ئەلۋىدا.

بولسىمۇ قاقشال داۋان، مەنزىل ئۇزۇن يەتمەسمىدۇق،
كەتتىڭىز نە ئالدىراپ، پىشقاندا ئەقىل، ئەلۋىدا.

قانچە شاگىرت باغلىدى ئاق، قالدى دىلدا داغ ئۆيۈپ،
ئۈتتى ھىجران بىرلە دەردتە چەرخى مەنزىل، ئەلۋىدا.

مېھرىڭىز دىلدا قۇياش — نۇر ھەم تۇتاش ئەلگە ئەبەت،
ھەسرىتىم تاغدىن ئېگىز، ياشمۇ غىل - غىل، ئەلۋىدا.

يات خاتىرجەم، تىنچ ئاكا، ئۇنتۇل ئازابنى بىر يولى،
بىز باسىمىز زەر ئىزىڭنى، شادىمان بىل، ئەلۋىدا.

2010 - يىلى 28 - يانۋار، قەشقەر

策　　划：伊布拉音·色满
组　　稿：阿不都许库尔·伊敏
责任编辑：司马义·买买提
特约编辑：阿布来提·居马土谱热克
责任校对：呼里西旦·阿不力孜
封面设计：海米旦·塞达力木
制　　版：卡地尔热亚·米吉提

# 爱的眼泪（诗集）

编　著　者：卡迪尔·斯迪克
收集整理者：吾布力阿西木·卡斯木

新疆人民总社
新疆科学技术出版社出版发行
（乌鲁木齐市延安路 255 号　邮编：830049）
新疆新华书店经销　新疆力诺商务印务有限责任公司印刷
880mm×1230mm　32 开本　6 印张
2013 年 3 月第 1 版　2013 年 3 月第 1 次印刷

ISBN978－7－5466－1239－3　（民文）　定价：20.00 元



مۇقاۋىسىنى لايىھەلىگۈچى: نەسىمە ئالىم

ISBN 978-7-5466-1239-3
9 787546 612393 >
定价：20.00元